«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار

荣获《新疆期刊奖》的刊物



5

2009

新疆文化

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

ISSN 1008-6498

XINJIANG CIVILIZATION • СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА • シンキョウ ブンカ • مجلة حضارة شنجيانغ



شائىر، ژۇرنالىست تۇرسۇن نىياز ئەپەندى

— ئادىل ئىسمائىل فوتوسى

www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

( 58- يىل نەشرى )

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2009- يىل 5- سان
( ئومۇمىي 299- سان )



باش مۇھەررىر:
**زۇنۇن باقى ( قوشۇمچە )**
( ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ
باشقارما دەرىجىلىك مەمۇرى )

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**قۇربان مامۇت**
( ئالىي مۇھەررىر )

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**رىسالەت مۇھەممەت**
( كاندىدات ئالىي مۇھەررىر )

تەكلىپلىك مۇھەررىر ۋە گۈزەل
سەنئەت لايىھەلىگۈچى:
**نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن**
( ئەدەبىيات ماگىسترى )


●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇ ساندا

## مۇبارەك جۇمھۇرىيەت 60 ياشقا


جۇمھۇرىيەت تارىخىدىكى ئۈچمەس ئابىدە .......... 2


## ئەجداد ئىزى


بىر پارچە خىشنىڭ سىرى .......... يالقۇن روزى 3


## «ئۆزۈم ھەرجايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر»


قەشقەر، ئەي تەۋەررۇك شەھەر .......... ئابدۇقادىر جالالىدىن 17


## تەبىئەت ۋە ئادەم


تېرەك، كۆل ۋە مەنىۋىيەت .......... ئەنۋەر مەتسەيدى 30


## تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى .......... ئەيسىراجىم مۇختار قاتارلىقلار 43

ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك .......... دەللىلگۈچى: ئابدۇغەنى توختى توغرۇل 59


## جۇدالىق زارى


ئايپىڭىز تۆگەپ كەتكەندىن كېيىن .......... مۇھەممەت ھوسەن 60


## تەرجىمە كۆزنىكى


«تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار .......... قاسىمجان ئابلىمىت قاتارلىقلار تەرجىمىسى 61


## دېھقان ئوغلىنىڭ دەيدىغانلىرى


كۆكۈلدىن كۆكۈلگە يول بولسۇن ..... ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى، گۈلمېھرى تۇرسۇن 71


مۇقاۋىدا: دېھقان شادلىقى، رەسسام: ئابدۇشۈكۈر كېرىم كۆك

**بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا كورىكتورى: قۇربان مامۇت**



# جۇمھۇرىيەت تارىخىدىكى ئۆچمەس ئابىدە

## — يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز

«خەلق گېزىتى» ئوبزورچىسى

نەچچە يۈز يىللىق ئىسسىق- سوغۇقنى باشتىن كەچۈرگەن «تيەنئەنمېن» يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى كۈتۈۋالدى. «تيەنئەنمېن» 1 مىليارد 300 مىليون جۇڭگولۇق ئىپتىخارلىققا چۆمگەن شانلىق يىللارنىڭ شاھىتى.

ئۆتۈپ كەتكەن 100 يىلنى ئەسلىسەك، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو خەلقىنى يېتەكلەپ، مىسلىسىز مۇشەققەتلىك كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، يېڭى جۇڭگونى بارلىققا كەلتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى تارىخىدا يېڭى ئەسىر ياراتتى.

قەددىنى رۇسلاپ، ئازادلىققا ئېرىشىشتىن تارتىپ شانلىق ئۆزگىرىشلەرگىچە، يېڭى جۇڭگونى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتىن يېڭى جۇڭگونى قۇرۇشقىچە سانسىزلىغان جۇڭخۇا ئوغۇل- قىزلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە مىللىي گۈللىنىشنى ئۆز ۋەزىپىسى قىلىپ، تىللاردا داستان قىلىشقا ئەرزىيدىغان تارىخ كارتىنىسىنى يارىتىپ، جۇمھۇرىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئابىدە تىكلىدى.

60 يىلدىن بۇيان مىليونلىغان جۇڭگولۇق ئوخشىمىغان دەۋر، ئوخشىمىغان مۇھىت، ئوخشىمىغان ئىش ئورنىدا ۋەتەنگە سادىق بولۇپ، غايە- ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، قەدىمىي جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت پارلاق ئىستىقبالنى كۈتۈۋالدى. ئەجدادلارنىڭ جاپالىق كۈرەش مۇساپىسىنى ئەتراپلىق چۈشەنگەندىلا يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ئاسان قولغا كەلمىگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز؛ جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش، ئالغا ئىلگىرىلەش تارىخىنى چوڭقۇر ئىگىلىگەندىلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىسا يېڭى جۇڭگونىڭ بولمايدىغانلىقىنى، يېڭى جۇڭگونى پەقەت سوتسىيالىزمىلا قۇتۇلدۇرالايدىغانلىقىنى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇش ئارقىلىقلا جۇڭگونى، سوتسىيالىزمنى ۋە ماركسىزمنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

تارىخ ھەر بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ باسقان ئىزىنى ئادىل خاتىرىلەپ ماڭىدۇ، شۇنداقلا تارىخ يەنە تەرەققىيات ئېقىمىنى كېيىنكىلەرگە سادىقلىق بىلەن قالدۇرىدۇ. بىز پۈتكۈل مەملىكەت خەلقى بايرام شادلىقىغا چۆمگەن مۇشۇ پەيتتە، ئۇلۇغ ئىسلاھات دەۋرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ غايە- ئېتىقادىغا ۋارىسلىق قىلىپ، 1 مىليارد 300 مىليون خەلقنىڭ كۈچ- قۇدرىتىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، مىللىي گۈللىنىش بۈيۈك ئىشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتايلى.

مۇبارەك جۇمھۇرىيەت 60 يېشىغا



# بىر پارچە خىشنىڭ سىرى

**يالقۇن روزى**

بۇ يىل ئاپرېلدا غۇلجا شەھىرىدىن ئەۋەتىلگەن بىر پارچە ئاق رەڭلىك خىشنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئادەتتىكى ئەھۋالدا بىر پارچە خىش تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق تولىمۇ ئاددىي نەرسە. ئەمما،

**ئەجداد ئىزى**

ماڭا ئەۋەتىلگەن بۇ بىر پارچە ئاق خىش ئاجايىپ زور تارىخىي كەچۈرمىشلەرنىڭ شاھىتى بولۇپ، مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا ئاز ئۇچرايدىغان بىباھا مىراس. چۈنكى بۇ، سۆزلىيەلەيدىغان ھەم يىغلىيالايدىغان بىر پارچە خىش! ئۇ گويا بېشىدىن تالاي قىسمەت ئۆتكەن، كۆپنى كۆرگەن زېرەك بوۋايدەك سۆزلەيتتى. ئۈرۈمچىنىڭ كۈندۈزدىكى قۇلاق-

www.uyghurkitap.com

مېڭىنى زىڭىلدىتىۋېتىدىغان شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى جىمىقىپ، پۈتكۈل شەھەر تۈن جىملىقىغا چۆمگەندە بۇ ئالاھىدە خىش بىلەن ئىككىمىز كۇسۇرلىشىپ، تۈگىمەس سۆھبەتلەرنى قۇراتتۇق. بۇ چاغدا ۋۇجۇدۇم ھاياجان ئىلكىدە تىترەپ، ئوي ـ پىكرىم مەغرىبتىن مەشرىققىچە كېزەتتى. ھېلى قەۋەتمۇقەۋەت سىر ـ ھېكمەتلەرگە تولغان ئۆتمۈش ھەققىدە ئويلانسام، ھېلى ئېزىلغۇدەك ئۆزگىرىشچان بۈگۈن ھەققىدە ئويلىناتتىم. ئۇ ئالاھىدە خىشنى ئۆيگە كەلگەن مېھمانلارغا بىر ـ ئىككى قېتىم كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا ئائىت ھېكايىلەرنى ئانچە ـ مۇنچە سۆزلەپ بەرگەنىدىم، ئۇلار ئېرەنشىپ كەتمىدى. مەن بۇ يەردىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە قىممەت ئۆلچىمىدىكى پەرقتە بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. ئەلۋەتتە، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، ئادەت ـ ئېھتىياجلىرى، ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى، غايە ـ ئەقىدىلىرىگە ئاساسەن قىممەت ئۆلچەملىرىمۇ پەرقلىنىدۇ. بۇنداق پەرقلىق ھالەتنى بىز جىبران خەلىل جىبراننىڭ تۆۋەندىكى نەسرىدىن كۆرۈۋالايمىز:

«كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتقان دېھقان ناھايىتى ئېسىل بىر مەرمەر ھەيكەلنى قېزىۋاپتۇ ـ دە، ئۇنى ئاپىرىپ ئەنتىۋارلىق سەنئەت بۇيۇملىرىنى يىغىپ ساقلىغۇچىغا سېتىپتۇ. يىغىپ ساقلىغۇچى بۇ ئېسىل ھەيكەلنى يۇقىرى باھادا سېتىۋاپتۇ.

دېھقان قايتىپ كېتىۋېتىپ قولىدىكى پۇلغا قاراپ ئويلانغىنىچە ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپتۇ: بۇ پۇل ئىنساننىڭ ھاياتىنى ئويلاپ باقمىغان ھوزۇر ـ ھالاۋەتكە مۇيەسسەر قىلىدۇ. ھەيكەل ئۆلۈك نەرسە، ئۇ تۇپا ئاستىدا مىڭ يىللاپ ياتقان، ئۇنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان. نېمە ئۈچۈن بىراۋلار ئاشۇنداق سوغۇق تاشنى شۇنچە جىق پۇلغا سېتىۋالىدىغاندۇ؟

شۇ چاغدا يىغىپ ساقلىغۇچى ئالدىدىكى مەرمەر ھەيكەلگە زوقلانغىنىچە قاراپ، ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپتۇ: نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن جانلىق، نېمىدېگەن ئۇلۇغ ھەم ئېسىل بۇيۇم ـ ھە. ئەپسۇس ئۇ، ئۇزاق يىللىق شېرىن ئۇيقۇسىدىن ئەمدىلا ئويغاندى! نېمە ئۈچۈن خەق مۇشۇنداق ئېسىل نەرسىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى ئۆلۈك، ھېس ـ تۇيغۇسىز پۇلغا ئاتىدىغاندۇ؟»

دېمەك، قىممەت قارىشىدىكى ئوخشىماسلىق تۈپەيلى، ھەركىم ھەربىر نەرسىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەپتۇن بولىدۇ ھەم ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆزىنى بېغىشلايدۇ. مەن باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمىغان بۇ بىر پارچە ئاق خىشقا بۆلەكچىلا مەپتۇن ئىدىم. ھاۋارەڭ دۇخاۋا پارچىسىغا يۆگەپ قويۇلغان ئۇ ئاددىي خىش كۆرەش، تەۋەككۇلچىلىك، باتۇرلۇق، ئەقىل ـ پاراسەت، ھاياجان، سىقىلىش، خورلۇق، شان ـ شەرەپ ۋە ھەسرەت ـ نادامەتنىڭ يۇغۇرۇلمىسى ئىدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا ئۇ، قەدىمىي ئانا ماكانلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان ئىلى ۋادىسىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ئەگرى ـ توقاي مۇساپىسىنىڭ شاھىتى ئىدى! ئىلى ۋادىسى، ئاممىبابلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا غۇلجا يېقىنقى ئىككى ئەسىر مابەينىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدا ئاجايىپ زور ۋەقەلەرگە سەھنە بولغان خىسلەتكە باي زېمىن! بۇ تەڭدىشى يوق گۈزەل تۇپراقتا ئىلى پەرزەنتلىرى يۈرەكنى لەرزىگە سالغۇدەك قىممەت بېغىشلىغان. گەرچە ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئۇنچىۋالا كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ رويابقا چىقارغان نەتىجە ـ ئۇتۇقلىرى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە كۆپ. ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئىلى ۋادىسىدا 600 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر بار. سېلىشتۇرۇپ باقساق، بۇنچىلىك نوپۇس جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ناھىيىدىمۇ بار. ئەمما، مەشھۇر شەخسلىرىنىڭ كۆپلۈكى، تۆھپىكار ئەزىمەتلىرىنىڭ جىقلىقى بىلەن ئىلى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ. ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن ئوخشىمىغان ساھەلەر بويىچە يېتىشىپ چىققان خاس ئىجتىمائىي توپلار بۇ نۇقتىنى سۆزسىز ئىسپاتلايدۇ. بىز پۈتكۈل ئانا دىيارىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتىدىغان بولساق، ئىلى باتۇرلىرى، ئىلى ئىنقىلابچىلىرى، ئىلى مائارىپچىلىرى، ئىلى ئۆلىمالىرى، ئىلى بايلىرى، ئىلى ئەدىبلىرى، ئىلى سەنئەتكارلىرى، ئىلى چاقچاقچىلىرى، قىسقىسى، ئىلى ئۇيغۇرلىرى ياراتقان ئىلى روھى ھەر تەرەپكە يورۇق سېپىپ، يېلىنجاپ تۇرغان بىر گۈلخان!

ئىلى ۋادىسى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىككى

ئەسىردىن بۇيان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بېشىغا خىلمۇ خىل ئېغىر كۈن كېلىپ، چىقىش يولى ئىزدىگەن ئۆلىما، زىيالىي، باي، ھۈنەرۋەن، سەنئەتكار، ئىنقىلابچى، ئاشىق، ئىشلەمچىلەرنىڭ پاناھگاھى بولغان. ئاچ-زېرىن خەلقنىڭ ھاياتلىق ئۈمىدى بولغان. بۇنى دەلىل بىلەن ئىسپاتلايدىغان بولساق، 1858-يىلى قەشقەرگە خۇپىيانە تەكشۈرۈشكە كەلگەن رۇسىيىلىك مەشھۇر قازاق ئالىم چوقان ۋەلىخانوف «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى»دە: «ئالتە شەھەردە سودىگەرلەر ۋە ھۈنەرۋەنلەردىن ئېلىنىدىغان باج-سېلىق ۋە ئۆشرە-زاكاتلار ئېغىر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز يۇرتىنى تەرك ئېتىپ غۇلجا، ئۈرۈمچىلەرگە چىقىپ كېتىدۇ» دەپ يازغان. چوقان ۋەلىخانوفتىن يېرىم ئەسىر كېيىن، يەنى 1915-يىلى ئۇفالىق تاتار زىيالىي، «ۋاقىت» گېزىتى مۇخبىرى نۇشىرۋان يائۇشېف «ئالتە شەھەرگە ساياھەت» دېگەن ماقالىسىدە ئۈرۈمچى تەرەپتىن كېلىۋېتىپ ئاقسۇدا ئۇچراتقان بىر ئەھۋالنى مۇنداق يازغان:

«جام يېزىسىغا كېلىپ ئىشلەمچىلەر چۈشىدىغان سارايغا چۈشتۈم. بۇ ساراي يالاڭ ئاياغ ۋە جۇلجۇل كىيىملىك ئادەملەر بىلەن تولغانىدى.

ئەمدىگىنە چاي ئىچىشكە باشلىغانىدىم، ھەممىگە ئولاشقان چۈشەندەك ئولىشىۋالدى. بۇ بىچارىلەر ئاچ-يالىڭاچ، ئارىسىدا قېرىلىرىمۇ بار ئىدى.

— نەگە بارىسىزلەر؟

— ئىلىغا چىقىمىز.

— نېمە ئۈچۈن؟

— ئاش ئىزدەپ، يول تېپىش ئۈچۈن.

— قەيەرلىكسىزلەر؟

— قەشقەرلىك، ئارىمىزدا ياركەنت، خوتەنلىكلەرمۇ بار.

ئەتىسى سەھەردە قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتىم. يولدا توپ-توپ كىشى ئۇچرىدى. ئۇلار جامغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئېشەكلەرگە خۇرجۇن، ئوزۇق-تۈلۈك ئارتىشقان بولۇپ، ئۆزلىرى پىيادە يۈرەتتى. ئارىلىرىدا ئەمچەكتىكى بالىلىرىنى كۆتۈرگەن ياش خوتۇن-قىزلارمۇ بار ئىدى. ئاپئاق ساقاللىق قېرىلارمۇ بار ئىدى. ئاياغلىرى يالاڭ، ئۇچىسىنى ئىللىتقۇدەك كىيىممۇ يوق ئىدى. كۆزلىرى كۆكەرگەن، يۈزلىرى سارغايغان، ئېغىزلىرى ئېچىلغان، يوتكۇل ۋۇجۇدىنى ئۈمىدسىزلىك باسقانىدى. بۇ بىچارىلەرمۇ ئاچلىقتىن قۇتۇلۇش چارىسىنى ئىزدەپ ئىلىغا سەپەر قىلغانىدى.»

نۇشىرۋان يائۇشېفتىن كېيىن يەنە يېرىم ئەسىر ئۆتكەندە، يەنى 1968-يىلى داڭلىق مىللىي شائىر قۇربان بارات ئۆزىنىڭ «شىمال يۇلتۇزلىرىغا تەلمۈرۈپ...» دېگەن نادىر شېئىرىدا مۇنداق چىن مىسرالارنى يازغان:

«يول بېسىپ ئۇزاق كۈنلەر چارچىغان يولۇچىلار،
بىكەتنىڭ تېمى بويلاپ ياتىدۇ قاتارلىشىپ.
توپ بولۇپ كەلگەن ئۇلار نان ئىزدەپ، بەخت ئىزدەپ،
قەدىمىي كوچىنىلەردەك سۇ كېچىپ، تاغلار ئېشىپ.
ھېچ كىشى ئۇخلىمايدۇ، سۈكۈتتە ياتار تىنىچ،
ناخشىدىن خالىي ياشلار، قېرىلار سالماس پاراڭ.
ئوت يانغان سانسىز كۆزلەر شىمالغا تەلمۈرىدۇ،
ئۇلاردىن سوغۇق ياشلار تۆكۈلەر تارام-تارام.»

دېمەك، ئىلى ۋادىسى ئۈمىد ۋادىسى! ئىلى تۇپرىقى سېخىي تۇپراق! ئىلى خەلقى مەردانە خەلق! ئىلى پەرزەنتلىرى كۈرەشچان ئەۋلاد! ئالقىنىمىزدىكى بۇ بىر پارچە ئاق خىش ئىلى ئاسمىنىدا 100 يىل چاقناپ، كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان ۋە ئۆكۈندۈرىدىغان تالاي ۋەقەھادىسىنى كۆرگەن ئالاھىدە خىش! ئۇ خىش مىللىي سانائەت تارىخىمىزنىڭ يادىكارى بولغان بىباھا سانائەت مىراسى!

مىللىي سانائەت مىللەتنى گۈللەندۈرۈش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىكى تۈپ يول! ئەينى يىللىرى ئامېرىكا ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان. شۇ چاغلاردا ئەنگلىيە ئۆز مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ھېچقانداق سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويمىغان. لېكىن ئامېرىكىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋاشىڭتون ئامېرىكىنىڭ سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەكىتلىگەن. ۋاشىڭتون ۋەزىپىگە ئولتۇرغان كۈنى ئامېرىكىدا تىكىلگەن كىيىمنى كىيىپ ئامېرىكىلىقلارغا: ئامېرىكا ئۆزىنىڭ سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك،

www.uyghurkitap.com

دەپ جاكارلىغان. ئۇ ھەتتا دۆلەت خىراجىتى ئارقىلىق ياساش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. دېمەك، ۋاشىڭتون مىللىي سانائەتنىڭ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىكى مۇھىملىقىنى ھەقىقىي تونۇغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى گېرمانىيە مىللىي سانائەتنى بەرپا قىلىشقا سەل قاراپ، دۆلەتنى ئىقتىسادنى ئەركىنلەشتۈرۈش ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، كۆتكەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. ئاخىر ئەركىن سودا ئەندىزىسىنىڭ ناچار تەرەپلىرىنى تونۇپ يېتىپ، سىرتقا قارىتا يۇقىرى تاموژنا بېجى سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئىچكى قىسمىدا مىللىي سانائەتنى قوغدىغان. 1900 ـ يىلغا كەلگەندە گېرمانىيە پولات ـ تۆمۈر، تۆمۈريول قاتارلىق ساھەلەردە دۇنيادىكى سانائەت ئاساسى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت ئەنگلىيىگە ئاساسەن يېتىشۋالغان.



1850 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە غەرب جاھانگىر دۆلەتلىرىنىڭ دېڭىز ئارقىلىق كېلىپ قىلغان ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاھانەتلىك شەرتلىرىگە غىڭ قىلماي كۆنۈشكە مەجبۇر بولغان چىڭ سۇلالىسى بۇ جاھانگىرلارنىڭ قۇدرەتلىكلىكىنىڭ سىرىنى بىلەلمەي، تېڭىرقاپ كەتكەن. كېيىن ئوقۇمۇشلۇقلار قاتلىمىدىكىلەر دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ ئىككى تۈرلۈك تەرەققىيات پىكىر يولىنى تېپىپ چىققان. ئۇلار «سودا ـ سانائەت ئارقىلىق دۆلەتنى قۇتقۇزۇش» تەرەپدارلىرى بىلەن «مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى قۇتقۇزۇش» تەرەپدارلىرى ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، 1900 ـ يىلغىچە بۇ تەشەببۇس ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن. ئەينى چاغدا گەرچە ياپونىيە جۇڭگوغا ئوخشاشلا قالاق دۆلەت بولسىمۇ، 1868 ـ يىلى «مېيجى يېڭىلىقى كۈچۈش ھەرىكىتى»نى قوزغاش ئارقىلىق ناھايىتى تېز گۈللىنىش يولىغا ماڭغان. ئارىدىن 26 يىل ئۆتۈپ 1894 ـ يىلغا كەلگەندە جياۋۇ ئۇرۇشى ئارقىلىق جۇڭگونى تولىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىللىق ئاھانەت ئىچىدە جۇڭگولۇقلار دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ھەققىدىكى شوئارلارنى ھۆكۈمەت ئىرادىسى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلغان. ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتقان خانئانىسى، پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ خانلىقنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى تۇتۇۋاتقان جاھىل سىشتەيخۇ (يېخنارا) 1901 ـ يىلى نائىلاج «يېڭى سىياسەت»نى يولغا قويۇشقا مەجبۇر بولغان. بۇ يېڭى سىياسەت ئالتە تۈرلۈك مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «سودا ـ سانائەتنى رىغبەتلەندۈرۈش» بىلەن «يېڭىچە مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىش» بار ئىدى. بۇ «يېڭى سىياسەت»تە مىللىي سودا ـ سانائەتنىڭ قانۇنىي ئورنى تۇنجى قېتىم ئېتىراپ قىلىنغان. تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ سودا ـ سانائەتچىلەرگە ھۆكۈمەتتىن مەبلەغ ياردىمى بېرىلىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. كۆڭۈلچىلىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى تۈپەيلى سودىگەرلەرنى ۋە سودا ـ تىجارەتنى كەمسىتىدىغان جۇڭگو مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ، ئىنقىلاب خاراكتېرلىك يېڭىلىق ھېسابلىناتتى. لېكىن ھۆكۈمەت ياردىمى ئېغىزغا ئېلىنغان بىلەن، ئەمەلىيلەشمىگى تەس ئىدى. 1907 ـ يىلى ئۇرۇمچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان فىن مىللىتىدىن بولغان رۇسىيىلىك ئوفىتسېر مانېرھېيم ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش خاتىرىسىدە: «چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىسىدە 30 يېڭىچە مەكتەپ تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلىپ پەرمان چۈشۈرگەن

بولسىمۇ، لېكىن مالىيە قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن پىلان تولۇق ئەمەلىيلەشمىگەن»[1] دەپ يازغان. سودا-تىجارەت ساھەسىدە ئىلىنىڭ «يېڭى سىياسەت»نى يولغا قويۇش قىزغىنلىقى يۇقىرى گېنېرالى چاڭ گېڭ 1906-يىلى غۇلجىدا يۇڭ-تېرە سودىسى قىلىدىغان بىر شىركەت قۇرغان بولسىمۇ، ئەمما، روناق تاپقۇزالمىغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىرىك سىياسىتى ۋە رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ سودا ئىشلىرىدىكى زومىگەرلىكى سەۋەبىدىن مەۋجۇدلۇقىنى مىڭ تەستە ساقلاپ، ئاران-ئاران راۋاجلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئىچىدە ئىدىيىسى ئىلغار، تىجارەتكە ماھىر، يىراقنى كۆرەر ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلار يۇقىرىقىدەك تارىخىي پۇرسەتتە سودا كاپىتالىنى سانائەت كاپىتالىغا ئايلاندۇرۇشنى نىيەت قىلىپ، دادىسى مۇسابايدىن قالغان ئىلى كۆرەدىكى تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسىنى زامانىۋى تېرە زاۋۇتىغا ئايلاندۇرۇش يولىدا ئىزدەنگەن.

ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ دادىسى مۇساباي ھاجىم بىلىمى مول، كۆپنى كۆرگەن، زېھنى ئۆتكۈر، ئىرادىسى مۇستەھكەم، سودا-تىجارەتتە پىشقان كىشى ئىدى. ئۇ، 1858-يىلى چوقان ۋەلىخانوفنىڭ قەشقەرگە يوشۇرۇن كېلىپ يېرىم يىلچە تۇرۇپ، ئەتراپلىق تەكشۈرۈشتە بولۇشىغا زور ياردەم قىلغان. مۇساباي ھاجىمنىڭ پاراستى ۋە جاسارىتىگە ھەيران قالغان چوقان ۋەلىخانوف: «مۇسا ئاغا، چارچاپ كەتتىم، ئۆزۈمنى ھەمىشە قىلىنىڭ ئۇستىدە قالغاندەك سېزىمەن. مەن سىزنىڭ تەمكىن مىجەزىڭىزگە، قالتىس تۈزلىكىڭىزگە، قىلنى قىرىق يارىدىغان چارە-تەدبىرلىكىڭىزگە ھەيران قېلىپ، زەن سالىمەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىز كارامەت دىپلوماتسىز»[2] دېگەن. ئەنە شۇ قىلىنىڭ ئۇستىدە تۇرغاندەك كەچۈرمىشنى باشتىن كەچۈرگەن چوقان ۋەلىخانوف« ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى»نى يېزىپ چىقىپ، ماركوپولودىن كېيىن ھېچقانداق مەلۇماتقا ئېرىشەلمەي كېلىۋاتقان ياۋروپالىقلارنى قەشقەرىيە ھەققىدە تۇنجى قېتىم چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ياۋروپالىق تەكشۈرگۈچى ۋە ئېكسپېدىتسىيىچىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى «تارىم قوۋۇقى»نى چەككەن. مۇساباي ھاجىم 1866-يىلىدىن كېيىن غۇلجىنى بازا قىلىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان.

1881-يىلى «جوڭگو-رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ، رۇسىيە تەرىپىدىن 11يىل ئىگىلىنىۋېلىنغان ئىلى قايتۇرۇۋېلىندى. چىڭ سۇلالىسى رۇسىيىگە تۆلەم بېرىشكە مەجبۇر بولدى. تۆلەم پۇلى يېتىشمىگەندە، مۇساباي ھاجىم شەرتلىك ياردەم قىلدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ زات سودا ئىشلىرىدا ئىمتىيازغا ئېرىشتى. 1885-يىلى كۆرە شەھىرىدە 200 ئىشچى ئىشلەيدىغان تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسىنى قۇردى. بۇ، جۇڭگو بويىچە تۇنجى تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى ئىدى. 1898-يىلى تيەنجىنلىك ۋۇ ماۋرېن قۇرغان «بېيياڭ تېرە ئەيلەش شىركىتى» بىرنەچچە يىلدىن كېيىنلا ۋەيران بولغان. مۇساباي ھاجىم قۇرغان تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى بارغانسېرى گۈللەنگەن. مۇساباي ھاجىمنىڭ ئوغۇللىرى ھۈسەنباي بىلەن باھاۋۇدۇنباي يەرلىك ئۇسۇلدا قول ھۈنىرى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى رۇسىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرگە ساتقان. بۇ ئىككى ئوغۇل رۇسلار بىلەن كۆپ سودا قىلىش جەريانىدا داڭق چىقارغان ھەمدە «مۇسابايېفلار»دەپ مەشھۇر بولغان. 1895-يىلى مۇساباي ھاجىم قازا قىلغاندىن كېيىن، ئوغۇللىرى «مۇسابايېف بۇرادەرلەر شىركىتى»نى قۇرغان. بىر-بىرىدىن قابىلىيەتلىك بۇ ئوغۇللار بۇ چاغدا ئوتتۇرا ياشلىق، پىشقان، ئۆزىنى توختاتقان خەلقئارالىق سودىگەرلەردىن بوپقالغان. ئۇلار شىنجاڭدا باج تۆلىمەي سودا قىلغانىنىڭ ئۈستىگە، زومىگەرلىك بىلەن خام ئەشيا مەنبەسىنى مونوپول قىلىۋالغان رۇسىيە سودىگەرلىرى بىلەن تىغمۇ تىغ تۇرۇپ سودا جېڭى قىلغان. بۇ توغرۇلۇق «غۇلجىنىڭ سودا تارىخىدىن قىسقىچە بايان» دېگەن ماقالىدە مۇنداق يېزىلغان:

«1851-يىلىدىن كېيىن چاررۇسىيە

جاھانگىرلىكى بىر قاتار تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى تۈزۈش ئارقىلىق ئىلى رايونىدا سودا ئىشلىرى بىلەن خالىغانچە شۇغۇللانغان. رۇسىيە سودىگەرلىرى جۇڭگونىڭ قانۇنلىرىغا بويسۇنمايتتى. ئۇلار ئىلىنىڭ سودىسىنى مونوپول قىلىۋېلىپ، رۇسىيە ماللىرىنى تۆركۈملەپ ئېلىپ كىرگەن. يەرلىك مەھسۇلاتلار ۋە خام ئەشيالارنى ئەرزان باھادا تالان ـ تاراج قىلغان. 1890 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىلىنىڭ مىللىي سودىسى رۇسىيە سودىگەرلىرى ۋە رۇسىيە مەھسۇلاتلىرى بىلەن بولغان رىقابەتتە تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. ھەرمىللەت خەلقى ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركەتلىرى ۋە ۋاستىچىلەر ئارقىلىق ئۆزىگە خوجا ھالدا چېگرا سودىسى يولىنى ئېچىپ رۇسىيە سودىگەرلىرى بىلەن تىركەشكەن. بۇنىڭدا ھۈسەنباي باشلامچى بولغان. ئۇ، تۈرلۈك تېرە، خۇرۇم، يۇڭ، پاختا قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىپ باش كۆتۈرگەن. رۇسىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسىنى يولغا قويغان.»[3]

ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار سودا ئىشلىرىدىلا باشلامچى بوپقالماستىن، يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇش جەھەتتىمۇ باشلامچى بولغان. ئۇلار قىرىم تاتارلىرىدىن چىققان مەرىپەتپەرۋەر مۇتەپەككۇر ئىسمائىل غاسپىرالىي(1851 ـ 1914)نىڭ جەدىتىزملىق تەشەببۇسلىرىغا، بۇ تەشەببۇسلارنىڭ تۈركىيە، قازان، ئۇفا، ئورىنبۇرگلاردا ۋە سەمەرقەنت، تاشكەنت قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە پەيدا قىلغان يېڭى مائارىپ، يېڭى مەدەنىيەت دولقۇنىغا يېقىندىن دىققەت قىلغان. ئۇلار ئىسمائىل غاسپىرالىي يۇرتى باغچا ساراي شەھرىدە تۇنجى «ئۇسۇلى جەدىت» مەكتىپىنى ئېچىپ 16 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئانا يۇرتى ئۇستۇئاتۇشتا دىنىي دەرسلەرگە پەننىي دەرسلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇتىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچقان. بۇ يېڭىلىق ئەينى يىلى قىرىمدا چىقىدىغان «تەرجۇمەن» گېزىتىدە خەۋەر قىلىنغان.

1905 ـ يىلى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سودا ئىشلىرى ۋازارىتى «چەت ئەللەرگە چىقىپ رىقابەتكە قاتنىشىش نىزامنامىسى»نى ئېلان قىلىپ، جۇڭگولۇق سودىگەرلەرنى خەلقئارالىق تاۋار يەرمەنكىلىرىگە قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرگەن ۋە كۆرسەتمە بەرگەن. بۇ ئارقىلىق تاشقى سودىنى كېڭەيتىپ، ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى كۆرۈپ، جۇڭگونىڭ سودا ـ سانائەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان»[4] بولسا، ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار ئۇنىڭدىن نەچچە يىل ئىلگىرىلا تاشقى سودىنى يولغا قويۇپ، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلەردە ئۆتكۈزۈلگەن يەرمەنكىلەرگە قاتنىشىپ، خەلقئارالىق رىقابەتكە چۈشۈپ، سودىدا مول تەجرىبە ۋە خەلقئارالىق نەزەرگە ئىگە بولغان. ئۇلار بۇ چاغدا، ئاللىبۇرۇن رۇسىيىنىڭ ھەر قايسى جايدىكى تىجارەتخانىلىرىنى تالونلۇق ھېسابات ئىشلىتىش ئارقىلىق سودا قىلىدىغان يولغا كىرگۈزۈپ بولغان. رۇسىيىنىڭ بانكىلىرىدا ھېسابات نومۇرى ئاچقان. ۋۇشاۋلىننىڭ «شىنجاڭغا نەزەر» دېگەن ئەسىرىدە ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ تيەنجىن ۋە شاڭخەيدىكى بانكىلار بىلەنمۇ ئالاقىسى بارلىقى ئېيتىلغان. ئۇلارنىڭ سودا ـ تىجارەتتىكى تەسىرىنى 1905 ـ يىلى چار پادىشاھقا يازغان مۇنۇ مەكتۇبىدىنمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىۋالغىلى بولىدۇ.

جانابى ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي

كەمىنىلىرى ھۈسەيىن ھەم باھاۋۇدۇن مۇسابايېفلار بۇ ۋاقىتقىچە ھۈسەيىن مۇسابايېۋ نامىدە بولۇپ كېلىنگەن سودىمىزنى 1323 ـ يىل ھىجرىيە تومۇز ئېيىدىن باشلاپ ھەر ئىككىمىز شېرىك بولۇشۇپ، ئەھدە ۋە شەرتلەر باغلاپ تىجارەت ۋە سانائەت كارخانا ئىشلىرىنى كامىل ئازادلىك ئىلە يۈرگۈزمەك بولۇپ، سودىمىزنىڭ نامىنى «تىجارەتخانا ھۈسەيىن مۇسابايېۋ ۋە بۇرادەرى» قويۇپ، ئەھدە ۋە شارائىت كاغەزلىرىمىزنى پادىشاھلىقنى گۇۋاھلاندۇرۇپ، ئىشىمىزنى بىر داۋام قىلدۇق.

ھەر ئىشنىڭ بېشىدا مۇدىر ھۈسەيىن مۇسابايېۋ بولۇپ، ھەم ئۇنىڭ ئورنىدا بۇرادەرى ھەم شېرىكى باھاۋۇدۇن مۇسابايېۋ قول قويغانلىرىگە (ئىمزالىرىنى) ئىلتىپات قىلماقلىرىڭىزنى رەجا قىلىپ، تەۋەججۇھاتىڭىزنىڭ داۋامىنى تەمەننى قىلىمىز.

بۇنداق يۈكسەك پاراسەت ۋە دادىللىق

ئەۋلادلارنى سۆيۈندۈرمەي، ئېچىتقارلاندۇرماي قالمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئەجدادلارنىڭ ئەجرى — ئەۋلادلارنىڭ غۇرۇر بايلىقى.

مەيلى سودا ـ سانائەتنى گۈللەندۈرۈش، مەيلى يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇش، مەيلى چەت ئەللەرگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش جەھەتتە 1900 ـ يىللىدىن ئىلگىرىلا باشلامچىلىق رول ئوينىغان ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار 1901 ـ يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى «يېڭى سىياسەت»نى ئېلان قىلىش بىلەن تەڭ قەدەمنى تېخىمۇ چوڭ ئېلىپ، نەزىرىنى ياۋروپانىڭ ئىلغار سانائىتىگە تىككەن. 1906 ـ يىلى ياپونىيە بىلەن جۇڭگو شىرىكلىشىپ ، ياپونىيە مەبلەغ چىقىرىپ، جۇڭگو تارىخىدىكى تۇنجى زامانىۋى «جياڭنەن كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى»نى قۇرۇۋاتقاندا، ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار گېرمانىيە ۋە فرانسىيىدە زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن توختام تۈزۈشۈپ بولغان.

ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىمموتلەقلىقى ۋە زوراۋانلىقى خەلقنى قورقۇنچاق، ئېھتىياتچان، چۈشكۈن، نادان، گۇمانخور ۋە قۇلچىلىق خاراكتېرىگە گىرىپتار قىلىۋەتكەن شارائىتتا، ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ قەددىنى تىك تۇتۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مەغرۇر ھەم قاقۋاش ياۋروپا كاپىتالىستلىرى بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ سۆھبەت قۇرۇپ توختاملىشىشى ھەرقانداق كىشىنى ھاياجانغا سالماي قالمايدۇ. ئۇششاق بۇرژۇئازىيىدىن مىللىي بۇرژۇئازىيىگە ئۆتۈش يولىغا قەدەم قويغان ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار گېرمانىيىنىڭ رېين دەرياسى بويىغا جايلاشقان فرانكفورت شەھىرىدىكى **MOENUS** توقۇمىچىلىق، كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى، **A.E.G** ئېلېكتر ھەسسىدارلىق شىركىتى ۋە فرانسىيىنىڭ **Tournee** ئىستانوك شىركىتى بىلەن توختاملىشىپ، كېرەكلىك بولغان ماشىنا، ئىستانوك، پار قازان، گېنېراتور، ئېلېكتر ماتور، مېتال قىرىش، رەندىلەش، دەزماللاش، چاقلاش، كەپشەرلەش ئۈسكۈنىلىرىنى زور مەبلەغ چىقىرىپ سېتىۋالغان. جيا ئىنخي بىلەن جياڭ جىباڭ بىرلىكتە يازغان «مۇسابايېفلار تېرە زاۋۇتى ھەققىدە سۆز»دېگەن ماقالىدە: «1913 ـ يىلى جۇڭگو ئىچكىرى ئۆلكىلەردە قۇرۇلغان 11 ئورۇندىكى تېرە زاۋۇتىنىڭ ئومۇمىي كاپىتالى تۆت مىليون 600مىڭ يۈەن بولۇپ، مۇسابايېفلار تېرە زاۋۇتىنىڭ مەبلىغىدىن ئاران بىر مىليون يۈەن ئارتۇق ئىدى»[5] دەپ يازغان.

ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار بىر تالاي ئۈسكۈنىنى رۇسىيە تەرەپنىڭ قاتتىق شەرتلىرىنى قويۇشى ۋە تۈرلۈك توسالغۇ پەيدا قىلىشىغا ئۇنۇملۇك تاقابىل تۇرۇپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە غۇلجا شەھىرىگە ئېلىپ كېلىپ «زاۋۇت قورۇ»غا جايلاشتۇرغان. رۇسىيىدىن ئوتقا چىدامىلىق خىشلارنى سېتىۋېلىپ، زور غەيرەت بىلەن زاۋۇت قۇرۇلۇشىنى پۈتكۈزگەن. 25 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تۈرخۇننى قوپۇرۇپ، يۇقىرى قىسمىغا 1909 دېگەن ساننى ئاق خىش بىلەن نەقىشلەپ چىقارغان. چىڭگىزخاننىڭ قوشۇنلىرى كەڭسايى ئارقىلىق غۇلجىغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن 48 ئورۇنغا كۆۋرۈك سالغان بولسا، ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار «ياركەنت — قورغاس — غۇلجا ئارىلىقىدا 200 دىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك كۆۋرۈك ياساپ»[6]، زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى غۇلجا شەھىرىگە ئېلىپ كەلگەن. شۇنداق قىلىپ 1909 ـ يىلى دېكابىردا زاۋۇتنىڭ «ۋۇت! ۋۇت!...» قىلىپ ياڭرىغان گۈدۈك ئاۋازى ئىلى ئاسمىنىنى لەرزىگە سېلىپ، شىنجاڭ مىللىي سانائىتىنىڭ پەردىسىنى ئاچقان. بۇ زاۋۇت شىنجاڭنىڭ سانائەتلىشىشىگە تاشلىغان تۇنجى زور قەدىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن 20 ـ ئەسىر شىنجاڭ تارىخىدىكى ئەھمىيىتى ئەڭ زور ۋەقەلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا بۇ زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشى ئانا دىيارىمىز شىنجاڭغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ھەيران قالارلىق بىر زور يېڭىلىق ئىدى. بۇ يېڭىلىقنى ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز جاسارەت ۋە مىڭلارچە ئاپىرىن ئوقۇغۇدەك پاراسەت بىلەن تالاي مۇشەققەتنى يېڭىپ، تۈرلۈك دۆلەتتىكى نۇرغۇن سودا، دىپلوماتىيە ئورنىغا قاتراپ، يەتتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ قۇرۇپ چىققانىدى. بۇ زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشى

www.uyghurkitap.com

ئانا دىيارىمىزدا مىللىي كاپىتالىنىڭ شەكىللىنىشىگە باشلىغانلىقىدىن، تۇنجى ئەۋلاد مىللىي كاپىتالىستلارنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەرگەن. كارل ماركس «تۈگمەننىڭ بېشىدا پومېشچىك ئولتۇرىدۇ، زاۋۇتنىڭ بېشىدا كاپىتالىست ئولتۇرىدۇ» دېگەنىدى. پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ پولۇ يېيىشنى چوڭ بىلىدىغان غايىسى نامرات پومېشچىك بىلەن خام ئەشيا، رىقابەت، پۇرسەت، مەۋجۇدلۇق، تەرەققىيات، يېڭىلىق، ئۆچۈر، تېخنىكا، سان ـ سۈپەت، كاپىتال ھەققىدە تىنىمسىز تەپەككۇر قىلىپ ئىزدىنىدىغان كاپىتالىستىنىڭ ئاسمان ـ زېمىن پەرقى بارلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن ئايان. بىر مىللىي كاپىتالىست ئەڭ ئاز بولغاندا بىر مىللىي كارخانىدىن دېرەك بېرىدۇ. مىللىي كارخانىلار كۆپلەپ قۇرۇلغانسېرى تەبىئىي ھالدا ھازىرقى زامان مىللىتى بولۇش ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان مىللىي بۇرژۇئازىيە قاتلىمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۈبھىسىزكى، مىللىي بۇرژۇئازىيە قاتلىمى بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي قاتلاملىرى ئىچىدە ئىقتىسادنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتىنى چۈشىنىدىغان ھەم ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ئەڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغان قاتلام. مىللىي بۇرژۇئازىيە قاتلىمى شەكىللەنمىگەن مىللەتنىڭ سىياسىي تەپەككۇرى ھەرگىز يېتىلمەيدۇ، ئىقتىسادىي ئېڭى ھەققىي مەنىدە ئويغانمايدۇ. شۇڭا كارخانىنىڭ قىممىتى، كارخانىچىلارنىڭ رولى ھەققىدە چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە ياپونلار «100 پروفېسسور تەربىيىلىگەندىن بىر كارخانىچى يېتىشتۈرگەن ئەلا» دەپ قارايدۇ. ھەقىقەتەنمۇ مىللىي كارخانىچىلار مىللەتنىڭ زور بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. بىر جەمئىيەتتە بىر كارخانا قۇرۇلىدىكەن، تەبىئىي ھالدا مىللىي كاپىتالىنىڭ جۇغلىنىشىغا ئىمكانىيەت ھازىرلىنىدۇ، ئۇ كارخانىدا ئىشلەيدىغان مەخسۇسلاشقان مەلىكىلىك ئىشچىلار قوشۇنى بارلىققا كېلىدۇ. ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ناتورال ئىگىلىك ۋە ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئارقىلىق ئۆزىنى قامداپ كېلىۋاتقان ، قالاق، نامرات، چېچىلاڭغۇ بىر جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا قائىدە ـ تۈزۈم قارىشىغا ئىگە، ۋاقىت، ئۈنۈم بىلەن ھېسابلىشىدىغان مەلىكىلىك ئىشچىلارنىڭ بارلىققا كېلىشى سەل چاغلايدىغان يېڭىلىق ئەمەس، ئەلۋەتتە.

پاراسەتلىك ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار زاۋۇتىنىڭ تەرەققىياتىنى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، زاۋۇتتا گودۇك ياڭرىتىشتىن ئاۋۋال گېرمانىيىلىك تېخنىكلارنى، رۇسىيىلىك تاتار ئوقۇتقۇچىلارنى، بۇخارادا ئوقۇپ كەلگەن داموللىلارنى تەكلىپ قىلىپ، ھازىرقى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئورنىدا «تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى»نى قۇرۇپ، تەربىيىلەشنى باشلىغان. ئادەتتە «مەكتەپ قورۇ» دەپ ئاتالغان بۇ ئورۇندا بىر نەچچە قاراردا 400 ــ 500 دەك ئىشچى تەربىيىلەنگەن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا ئىش ئىزدەپ چىققان مۇساپىر، يېتىم ـ يېسىرلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بوغالتىر، ھېسابچى، ستاتىستىكچى، كاسسىر، مېخانىكنىڭ، پارقازان باشقۇرغۇچى، شورنىك، تېخنىك، ماستېر، توكار، سىلسار، كەپشەرچى، پرىيومچىك، تېلېفونىست قاتارلىقلار يېتىشىپ چىققان. ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار يەنە زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ 3 ـ يىلى رۇسىيىنىڭ قازان شەھىرىدىن خەلىچە ئابىستەي قاتارلىق ئۈچ ـ تۆت تاتار ئايال ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ، ئاياللار ئۈچۈن مەخسۇس «ئاياللار ھۈنەر مەكتىپى»نى ئېچىپ، ئۇلارغا ساۋات چىقىرىش تەربىيىسى بەرگەندىن سىرت، كىيىم تىكىش، يۇڭدىن شارپا، پوپايكا، پەلەي، پايپاق قاتارلىقلارنى توقۇشنى، رېشلىيە، گلادىيە، شتىيە، كانۋا قاتارلىقلارنى ئىشلەشنى ئۆگەتكەن. 1907 ـ 1909 ـ يىللىرى ئەتراپىدا يېتىم ـ يېسىر باللار ئۈچۈن قۇرۇلغان «دارىلشەپقەت»مەكتىپىدە «تۈركىيىدە ئوقۇغان ئوقۇتقۇچىلار ئىستانبۇلدىكى مەكتەپلەرنىڭ پروگراممىلىرى بويىچە ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان ھەم رۇس تىلى بىلەن خەنزۇ تىلى ئۆگەتكەن. ئۇلار ئوقۇتىدىغان دەرسلەرنىڭ دائىرىسى تار، تىجارەت ۋە زاۋۇتقا كېرەكلىك

بىلىملەر كۆپرەك ئىدى. بۇنىڭدىن مۇسابايې جەمەتىنىڭ سودا ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇنەۋۋەر ئەمگەكچىلىرىنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.»[7] بۇ مەزگىلدە يەنە غۇلجا بايلىرى بىرلىشىپ ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ «رۇشتىيە مەكتەپ»نى قۇرغان. ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار تېخىمۇ مەردانىلىك كۆرسىتىپ «چەت ئەللەردە ئوقۇشنى خالايدىغانلار ئۆزىنى مەلۇم قىلسا، ئوقۇش خىراجىتىنى ئۆزلىرى ئۈستىگە ئېلىپ، ئوقۇتۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تارقاتقان.»[8]

زاۋۇت قۇرۇلغاندىن كېيىن تەسىرى ناھايىتى زور بولغان. ئەينى چاغدا ياپونىيىدە پاناھلىنىپ تۇرۇۋاتقان داڭلىق مۇتەپەككۇر كاڭ يۇۋېي 1910 ـ يىلى 28 ـ ئاپرېل خانغا سۇنغان شكايەتنامىسىدە «ئىلىدا قۇرۇلغان كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى ئەسلىدە رۇسىيە ماللىرىغا تاقابىل تۇرۇشنى نەزەردە تۇتۇپ قۇرۇلغانىدى. ھالبۇكى، شىنجاڭدىكى سودىدا جۇڭگو سودىگەرلىرى باج تۆلەيدۇ، رۇسىيە سودىگەرلىرى باج تۆلىمەيدۇ، بۇنداق بولسا تاقابىل تۇرۇش دېگەن بىر قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدىمۇ. بۇ ھال ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەرنى مۇشكۇل ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدى. سودىگەرلىرىمىزنىڭ ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئۇلار سېتىۋالغان ۋە ساتقان تېرىلەردىن باج ئېلىپ، ئىشلەپچىقارغان پىششىق مەھسۇلاتلىرىدىن باج ئېلىشنى كەچۈرۈم قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ داۋاملىق تىجارەت قىلىشىغا مەدەت بېرىلسە بولاتتى» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان.

بۇنىڭدىن، بۇ ئوتتۇرا تىپتىكى زاۋۇتنىڭ ئەينى چاغدا داغدۇغىسىنىڭ نەلەرگىچە بېرىپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن چارۋىچىلاردىن كۆپلەپ تېرە ـ يۇڭ سېتىۋالغان. ئىلى خەلقى خېلى ئوبدانلا مەنپەئەتلەنگەن. جۈملىدىن، ئەينى ۋاقىتتا ئىلى تاغلىرىدا ياشاۋاتقان 50 مىڭ قازاق خەلقىمۇ مەنپەئەتلەنگەن. خام ئەشيا سېتىۋېلىش، مەھسۇلاتلارنى سېتىپ چىقىرىش جەريانىدا ئىلىدا سودا ـ تىجارەت ئاجايىپ جانلانغان. ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ «كانتور قورۇ» دەپ ئاتىلىدىغان، ھازىرقى غۇلجا شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى خەلق مەيدانىغا توغرا كېلىدىغان ھەشەمەتلىك باش تىجارەتخانىسى باس ـ باس بوپكەتكەن. زاۋۇتتا تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ 60 پىرسەنتى رۇسىيىگە، 40 پىرسەنتى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سېتىلغان. سىلىق، سىپتا ھەم پۇختا بولغان بۇ سۈپەتلىك مەھسۇلاتلار ئەينى ۋاقىتتا ئىلى، چۆچەك، ئالتاي، ئۈرۈمچى، شىخو، ماناس قاتارلىق جايلاردا كەڭ كۆلەمدە سېتىلغان. كۆن، خۇرۇم، شاۋرۇن، چەم، رەڭلىك كازۇل،چېگرىن، بۇلغارى، پالۋال، مەسكاپ، مەيسە، ئۆتۈك، كەمەر، باجىنگەر، نوختا، ئېگەر قاتارلىق مەھسۇلاتلار كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى زور دەرىجىدە قامدىغان. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى مەلۇم دەرىجىدە ئۆسكەن. 1912 ـ يىلى يانۋاردا ئىلىدىكى ھەربىي قوشۇن ئىچىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىنى ھىمايە قىلىپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا خاتىمە بېرىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ياڭ زەنشۇ، فېڭ تېمىن قاتارلىقلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنىدە، «ھۈسەنباي تېرە زاۋۇتى»نىڭ زور ماددىي ياردىمىگە ئېرىشكەن. 1914 ـ يىلى پارتلىغان 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى «ھۈسەنباي تېرە زاۋۇتى»نىڭ سودىسىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتكەن. ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقى سەۋەبىدىن ئېگەر، ئۆتۈك، چېگرىن، نوختا ۋە كۆن ـ خۇرۇمغا بولغان ئېھتىياجى جىددىي ئاشقان چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى كەينى ـ كەينىدىن مال زاكاز قىلغان.

ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ بۇ زاۋۇتى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي غۇلجا شەھىرى شىنجاڭدىكى ئەڭ ئاۋات، مەدەنىي، ھەرخىل يېڭىچە مەكتەپ ئېچىلغان، سودا ـ تىجارەت جانلانغان جەلپكار شەھەرگە ئايلانغان. نۇشىرۋان يائۇشېۋ 1915 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭنى ساياھەت قىلىپ كېتىۋېتىپ«ۋاقىت» گېزىتىگە ئەۋەتكەن ماقالىسىدە:

www.uyghurkitap.com

«ئالتە شەھەر مۇسۇلمانلىرى تېخى تەرەققىي قىلغىنى يوق. ئىلىم ۋە مائارىپ، زىرائەت، تىجارەت ۋە سانائەت ئىشلىرى بىر ياقتا تۇرسۇن، بۇ يەردە تېخى ئىپتىدائىي مەكتەپلەرمۇ يوق. خەلق بەك نامرات.» بۇلار «غۇلجا مۇسۇلمانلىرىدىنلا ئىبرەت ئالسىمۇ ياخشى بولاتتى» دەپ يازغان. غۇلجىنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتى قويۇقلاشقانسېرى رۇسىيىلىك بىر قىسىم تاتار زىيالىيلار، تاشكەنت، ئەنجانلىق بىر قىسىم ئۆزبېك سودىگەرلەر، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار كەينى كەينىدىن غۇلجىغا كېلىپ ماكانلاشقان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق مىللىي گۈللىنىش غايىسىنى كۆڭلىگە پۈككەن زاتلارمۇ، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن پاناھلىق ئىزدەپ كەلگەن ئابدۇللا بوبىيەدەك داڭلىق مائارىپچىلارمۇ، رۇسىيىدىكى ئورۇش مالىمانچىلىقىدىن خەۋپ ھېس قىلىپ قېچىپ كەلگەن باي سودىگەرلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار غۇلجىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ھاۋاسىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇشقا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. ئاشۇ يىللاردا يەنە قەشقەر، ئاتۇش تەۋەسىدىكى بىر قىسىم بايلار ۋە ئۆلىمالار، شۇنداقلا، تىرىكچىلىك يوللىرىنى ئىزدىگەن نامرات ئاۋام غۇلجىغا زور قىزغىنلىق بىلەن كۆچۈپ چىقىپ يېڭى-يېڭى مەھەللىلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

قىسقىسى، غۇلجا شەھىرى مەركۇر زاۋۇتنىڭ شاراپىتى بىلەن زەنجىرسىمان ھالدا بارلىققا كەلگەن يېڭىچە تەرەققىيات مەنزىرىسىنى نامايان قىلىپ، شىنجاڭدىكى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقان باشقا شەھەرلەردىن پەرقلىق ھالدا زامانىۋى دۇنياغا دادىللىق بىلەن يۈزلەنگەن مەدەنىي شەھەر بوپقالغان. 1916-يىلى مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن ئىقتىسادشۇناس شيې بىن «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە غۇلجىنى تەرەققىي قىلدۇرسا شياڭگاڭ ھەم شاڭخەيدەك قىلغىلى بولىدۇ، دەپ يازغان. مەشھۇر شەرقشۇناس ۋ.ۋ.بارتولد «غۇلجا» ناملىق ئەسىرىدە 1910-يىللاردىكى غۇلجىنى «شىنجاڭنىڭ مائارىپ ساھەسىدىكى ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، يېڭى بىر ئىدىيىۋى ئېقىم مەركىزىگە ئايلانغانىدى»[5] دەپ يازغان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «ھۈسەينباي تېرە زاۋۇتى»نىڭ قۇرۇلۇشى شىنجاڭنىڭ مىللىي سانائىتىنىڭ پەردىسىنى ئېچىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ 20-ئەسىردىكى مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ پەردىسىنىمۇ ئاچقان. شۇنىڭدىن كېيىن، نەچچە ئەسىردىن بېرى قالاق، تۇرغۇن، ئاڭقاۋ ھالەتتە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان مىللىي ھاياتىمىزدا يېڭى بۇرۇلۇش ھاسىل بولغان.

ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ چاررۇسىيىنى ئاساسىي ئوبيېكت قىلغان ئېكسپورت-ئىمپورت سودىسى 1917-يىلى رۇسىيىدە يۈز بەرگەن «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى»نىڭ تەسىرى بىلەن بىر نەچچە يىل پەسكويغا چۈشۈپ قالغان. «مۇسابايېف بۇرادەرلەر شىركىتى»نىڭ رۇسىيىنىڭ ياركەنت، ئالما-ئاتا، بېشكەك، سېمىپالاتىنسكىي، نىژنىي، تاشكەنت، ئورېنبۇرگ، ئەنجان، ئوش، جالالئاباد، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلىرىدىكى تىجارەتخانىلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. چوڭ-چوڭ مۇئامىلىدارلىرى تىرىپىرەن بوپكەتكەن. نەتىجىدە، ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ ئىلكىدىكى نەچچە مىليون سوم چاررۇسىيە پۇلى قۇرۇق قەغەزگە ئايلىنىپ قالغان. سودا-تىجارەت تارىخىدا مىسلىسىز كرىزىسقا دۇچ كەلگەن ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلار بۇ چاغدا سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ، پاراسەت بىلەن ئىش كۆرۈپ، خەلقئارا ۋەزىيەتنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ياش سوۋېتلەر ھۆكۈمىتىنىڭ غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئىمبارگوسى تۈپەيلى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىنتايىن مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن.

1923-يىلى ھۈسەينباينىڭ 72 ياشقا كىرگەن ئىنىسى باھاۋۇدۇنباي موسكۋاغا بېرىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى كالىنىن (1875—1946) بىلەن كۆرۈشۈپ، سودا ئالاقىسىنى يولغا قويۇش ھەققىدە پۈتۈشكەن. شۇنىڭ بىلەن ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ تاشقى سودىسى قايتىدىن

گۈللەنگەن. بۇ زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتلىرى 1924 ـ يىلى گېرمانىيىنىڭ لېيپزىگ شەھرىدىكى خەلقئارالىق تاۋار يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇرۇلغان.

ھۇسەنباي 1926 ـ يىلى، باھاۋۇدۇنباي 1928 ـ يىلى قازا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما «ھۇسەنباي تېرە زاۋۇتى» ھەر كۈنى نەچچە قېتىم گۇدۇك ياڭرىتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى نورمال داۋاملاشتۇرغان. يىراق ـ يىراقلاردىن كۆزگە چېلىقىدىغان ، غۇلجا شەھرىدىكى بىردىنبىر بەلگە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش بولغان زاۋۇت تۇرخۇنى ئىلى ئاسمىنىدا مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان. تارىخى تۆھپىسى ئۆزلۈكسىز ئېشىپ بارغان. 1944 ـ يىلى كۈزدە مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندا، بۇ زاۋۇت مىللىي ئارمىيىنى ئېھتىياجلىق مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلىگەن. 1949 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندا، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن. چۈنكى، دۆلەت خەزىنىسىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەيۋەنگە ئېلىپ كەتكەن. 1949 ـ يىلى 2 ـ دېكابىر گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى يولداش چېن يۈن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 4 ـ سانلىق يىغىنىدا «زايوم تارقىتىپ، مالىيىدىكى قىزىل رەقەمنىڭ ئورنىنى تولدۇرايلى»[10] دېگەن تېمىدا دوكلات بەرگەن. شۇنداق قىلىپ يېڭى ھۆكۈمەت مالىيىدىكى قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن 1950 ـ يىلى تۇنجى قېتىم مەملىكەت بويىچە زايوم تارقاتقان. «شۇ چاغدا ئىلى ۋىلايىتىگە 20 مىليون يۈەن زايوم تەقسىم قىلىنغان. ‹مۇسابايېۋ بۇرادەرلەر شىركىتى› تەشەببۇسكارلىق بىلەن 344 سەر نەق ئالتۇن تاپشۇرۇپ، 27 مىليون يۈەنلىك زايوم سېتىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئىلى ۋىلايىتى زايوم سېتىۋېلىشتا مەملىكەت بويىچە بىرىنچى بولۇپ تەقدىرلەنگەن.»[11] 1954 ـ يىلى بۇ زاۋۇتنىڭ مال ـ مۈلكى باھالىنىپ، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى زاۋۇتقا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى 10 ـ سېنتەبىر جۇدې ۋېيېيۈەنجاڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە بۇ زاۋۇتنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، «مىللىي سانائەتنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتمە بەرگەن. بىر ئەسىر مابەينىدە خەلق ئۈچۈن توختىماي خىزمەت قىلىپ، مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان كىشىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن بۇ زاۋۇت 21 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغا كېلىشى بىلەن كونىراپ، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىغان. 2004 ـ يىل 9 ـ مايدا ۋەيران بولغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىغان. ئۇقتۇرۇشنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبىسى شۇ كۈنى زاۋۇت رەھبەرلىكىگە يەتكۈزگەن. ئارقىدىنلا 130 مو كۆلەمدىكى زاۋۇت ئورنى «كىمئاشتى»قىلىش ئۇسۇلىدا «يىڭجيەن» ئۆي ـ مۈلۈك شىركىتىگە 30 مىليون يۈەنگە سېتىلغان. زاۋۇت ئورنى سېتىلغاندىن كېيىن «ئىلى ئوبلاستى ھۇسەنباي تېرە زاۋۇتىنىڭ ۋەيران بولۇش ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، ھېساب ئېنىقلاش خىزمەت گۇرۇپپىسى» زاۋۇتنىڭ ئۈسكۈنە ـ ئەسلىھەلىرىنى بىراق مال يىغقۇچىلارغا سېتىۋەتكەن. سېتىۋالغۇچىلار ئۈسكۈنىلەرنى ئۇرۇپ چېقىپ، پارچىلاپ ئېلىپ كەتكەن. پەقەت تۆت تۈرلۈك ئەسلىھە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مۇزېينىڭ ئارقا ھويلىسىغا ئېلىپ بېرىلىپ قويۇپ قويۇلغان. زاۋۇت ئورنىدىكى قۇرۇلۇشلار 2004 ـ يىل ئىيۇندىن باشلاپ چېقىلغان. «شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان مىللىي سانائەت كارخانىسى»[12] بولغان بۇ زور مىراسنى، ھېچبولمىغاندا خاتىرە ئەھمىيىتىگە ئىگە مەلۇم قىسمىنى قوغداپ قېلىپ ساياھەت بايلىقى قىلىش ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن.

بۇ زاۋۇت ۋەيران قىلىنىشتىن بىر يىل ئىلگىرى، يەنى2003 ـ يىلى خەلقئارا قەدىمكى يادىكارلىقلار مۇدىرىيىتى سانائەت مىراسلىرىغا بولغان تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن روسىيىنىڭ سۆبىردىلوۋىسكى ئوبلاستىدىكى نىژنىي تاغىل شەھرىدە «نىژنىي تاغىل نىزامنامىسى»نى ماقۇللىغانىدى. بۇ، سانائەت مىراسلىرى توغرىسىدىكى تۇنجى خەلقئارالىق نىزامنامە ئىدى، شۇنداقلا سانائەت مىراسلىرى ئۇقۇمىنىڭ پىشىپ

www.uyghurkitap.com

يېتىلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئۆز نۆۋىتىدە بۇ، سانائەت مىراسلىرىنى قوغداش ئىدىيىسىنىڭ غەلىبىسى ئىدى! سانائەت مىراسلىرى ئۇقۇمى مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۇقۇمى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۇقۇمى دائىرىسىگە كېڭەيتىلگەنلىكىنىڭ ئىپادىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ ئۇقۇم 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا ئەنگلىيىدە بارلىققا كەلگەن. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ئورگىنى (UNESCO) نىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن 1973 ـ يىلى ئەنگلىيىدە «خەلقئارا سانائەت مىراسلىرىنى قوغداش كومىتېتى» (TICCIH) قۇرۇلغان. بۇ كومىتېتنىڭ 2003 ـ يىلى ئىيۇلدا رۇسىيىدە ئېچىلغان 12 ـ قېتىملىق چوڭ يىغىنىدا ماقۇللانغان يۇقىرىقى نىزامنامىسىنىڭ 1 ـ بۆلىكىدە سانائەت مىراسلىرى ئۇقۇمىغا مۇنداق ئېنىقلىما بېرىلگەن: «سانائەت مىراسلىرى تارىخ، تېخنىكا، ئالاقىلىشىش، بىناكارلىق ياكى ئىلىم ـ پەن جەھەتتىكى قىممىتى بولغان سانائەت مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرى، خارابىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، قۇرۇلۇش، ئۇسكۈنە، سېخ، تۈگمەن، زاۋۇت، كان، پېچ، ئامبار، دۇكان، ئېنېرگىيىنى يىغىش ۋە يەتكۈزۈش مۇئەسسەسەلىرى، قاتناش مۇئەسسەسەلىرى ھەم سانائەتكە ئالاقىدار بولغان ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئىشلىتىلىدىغان (مەسىلەن، زاۋۇت تەمىنلىگەن ياكى ياخشىلاپ بەرگەن تۇرالغۇلار، ئىبادەتخانىلار، تەلىم ـ تەربىيە ئورۇنلىرى) سورۇنلاردۇر.»

سانائەت مىراسلىرىنى قوغداش ھەققىدىكى خەلقئارالىق نىزامنامىنىڭ روھىغا خىلاپ ھالدا، شىنجاڭدىكى تىپىك سانائەت مىراسى بولغان «ھۇسەنباي تېرە زاۋۇتى» يوق قىلىنغان. زاۋۇتتىن ئايرىلىپ قالغان ئىشچىلارغا تەسەللى ئورنىدا پەقەت ئىككىلا قۇرۇلۇش قالغان. ئۇنىڭ بىرى، زاۋۇتنىڭ مەسچىتى، يەنە بىرى، ئېگىز تۇرخۇندۇر. 2005 ـ يىلى 22 ـ يانۋار ـ قۇربان ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى مەسچىت جامائىتى پېشىن نامىزىدىن قايتىشىدا زىمىستان قىشنىڭ كۆكنى قاپلاپ لەپىلدەپ يىغىۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى ئىچىدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تۇرخۇننىڭ ئالدىدا «1909» دېگەن سان بار يۆنىلىشتە تۇرۇپ خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشكەن.



چىقىۋېتىلگەندىن كېيىنكى زاۋۇت خارابىسىگە قاراپ ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىشقان. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى ئەن يىڭشىن ئەپەندى مۇنداق دېگەن: «ھۇسەنباي تېرە زاۋۇتى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق سانائەت مىراسى بولۇپ، ئۇنىڭ چىقىۋېتىلىشى ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى.» ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئىدارىسىنىڭ بىر مەسئۇلى مۇنداق دېگەن: «سانائەت مىراسى دېگەن بۇ ئۇقۇمنى قويۇپ تۇرۇپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى تارمىقى بولۇش سۈپىتىدە ھۇسەنباي تېرە زاۋۇتىنىڭ شىنجاڭغا تۇنجى توك ئېقىمى ئېلىپ كېلىشىدەك مۇشۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتقاندىمۇ، بۇ كونا ئورۇننى

ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك ئىدى.»[13]

تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى، بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 2005-يىلى 20-نويابىر زاۋۇت ئورنىغا ئولتۇراق رايون سېلىش ھوقۇقىنى سېتىۋالغان ئۆي-مۈلۈك شىركىتى «قۇرۇلۇش پىلانىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ»، «خەتەرلىك قۇرۇلۇش» دېگەننى باھانە قىلىپ، مىللىي سانائەت تارىخىمىزنىڭ بىردىنبىر يادىكارى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تۇرخۇننى چېقىۋېتىشكە تۇتۇش قىلغان. بۇنى ئۇققان زاۋۇتنىڭ پېشقەدەم ئىشچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇن-باللىرى پەرىشان ھالدا ئالدىراپ نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ تۇرخۇننى چاقماسلىقنى ئۆتۈنگەن. پۇلدىن باشقا ھېچنېمىنى چوڭ بىلمەيدىغان يىگى خوجايىن توختىماي چېقىشقا بۇيرىغان. زاۋۇتتا بىر ئۆمۈر ئىشچى بولۇپ، پېنسىيىگە چىققان مۇھەممەت سەلەي ئىسىملىك كېسەلچان بوۋاي چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە بىر-بىرلەپ قومۇرۇپ تاشلىنىۋاتقان تۇرخۇن خىشلىرىغا قاراپ مۆزدەك كۆز ياشلىرىنى توختالماي يىغلاپ كەتكەن. گەرچە بۇ بوۋاي سانائەت مىراسلىرىنى قوغداش ئۇقۇمى توغرۇلۇق ھېچنېمە بىلمىسىمۇ، ئەمما ئالىيجاناپ ئەخلاق، يۇرتنى سۆيۈش ھېسسىياتى، تۆھپىكار ئەجدادلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن قاتتىق نادامەت چەككەن. شۇ چاغدا ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ داڭلىق ئوقۇتقۇچىسى ئاسىم مەسۇم (1926-2007) ئەپەندى 1984-يىلىدىن بېرى مەزكۇر زاۋۇتتا تەرجىمان ۋە ئىشخانا مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلگەن ئوغلى ئىمىنجاننى چاقىرىپ:

«ئوغلۇم، بۇ بىر چوڭ يوقىتىش! ئەجدادلارغا قىلىنغان قارا يۈزلۈك! مەدەنىيەتكە قىلىنغان بۇزغۇنچىلىق! تارىخقا قىلىنغان ئېغىر ھۆرمەتسىزلىك! 1989-يىلى بېرلىن تېمى ئۆرۈۋېتىلگەندە، بېرلىن شەھىرىنىڭ پۇقرالىرى 40 يىللىق مىللىي ئازابنى ئەسلىتىدىغان بۇ تامنىڭ خىشلىرىنى خاتىرە ئۈچۈن بىر-ئىككىدىن ئېلىپ كېتىشكەن. سەن چېقىلىۋاتقان تۇرخۇن خىشلىرىدىن بىر نەچچىنى ساقلاپ قويغىن. نادان كىشىلەر ئەينەككە قاراپ كۆرەلمىگەننى، دانا كىشىلەر كېسەككە قاراپ كۆرەلەيدۇ، دېگەن گەپ بار، ئۇ دېگەن مىللىي سانائەت تارىخىمىزنىڭ گۇۋاھچىسى» دېگەن.




ئىمىنجان ئاسىم تۇرخۇندىكى «1909» دېگەن سان ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئاق خىشتىن بىر نەچچىنى ئېلىۋالغان. باشقا كىشىلەرمۇ ئىلھاملىنىپ بىر-ئىككىدىن خىشنى ئېلىپ كېتىشكەن. شۇنداق قىلىپ، يول ئېچىش جاسارىتىگە ئىگە مەشھۇر كارخانىچى، مەرىپەتپەرۋەر ئوغلانلار ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ يىڭنىدە قۇدۇق قازغاندەك مۇشەققەت ئىچىدە قۇرۇپ چىققان «ھۇسەنباي تېرە زاۋۇتى» غۇلجا خەلقىنىڭ كۆز ئالدىدىن تەلتۆكۈس غايىب بولغان.

بۇ يىل ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ غۇلجىدا زاۋۇت قۇرغىنىغا توپتوغرا 100يىل بولدى. مىللىي سانائەتنىڭ بايرىقىنى ئانا ۋەتەن ئاسمىنىدا تۇنجى بولۇپ لەپىلدەتكەن بۇ ئىككى ئەزىمەتنىڭ تارىخىي تۆھپىسىنى قانداق ئۇسۇلدا خاتىرىلەش بىز ئەۋلادلارنىڭ ئەقەللىي ئەخلاقىي بۇرچى! 1985-يىلىدىن ئېتىبارەن ھەر ئون يىلدا بىر قېتىم ئاتۇش

ئىكساقتا بۇ ئىككى ئەزىمەتنىڭ يېڭى مائارىپ مەشئىلىنى تۇنجى بولۇپ ياندۇرغانلىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتىدۇ. بىر مۇتەپەككۇر : «خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان تارىخىي پائالىيەتلىرى، ئەسلەشكە ئەرزىگۈدەك مەشھۇر شەخسلىرى يوق خەلق بىچارە خەلقتۇر، خاتىرىلەشكە ئەرزىگۈدەك شانلىق پائالىيەتلىرى، تىللاردا داستان بولغۇدەك مەشھۇر شەخسلىرى تۇرۇپ، خاتىرىلەشنى، ئەسلەشنى بىلمىگەن خەلق ھاماقەت خەلقتۇر!» دېگەنىكەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر قولىدا مىللىي سانائەتنىڭ بايرىقىنى، يەنە بىر قولىدا يېڭى مائارىپنىڭ مەشئىلىنى كۆتۈرگەن بۇ بۈيۈك ئەزىمەتلەرنى ياد ئېتىپ خاتىرىلەش تامامەن زۆرۈر.

مەن بۇ يىل «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ سانىدا «ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييفلارنىڭ سەككىز تۆھپىسى» دېگەن بىر ماقالىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭدا ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييفلارنىڭ زاۋۇت قۇرغانلىقىنىڭ 100يىللىقىنى خاتىرىلەش زۆرۈرىيىتىنى تەكىتلىگەنىدىم. ماقالەم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئىمىنجان ئاتلىق غۇلجا شەھىرى 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى دوستۇم غەيرەت ئەركىن ئارقىلىق ماڭا يادىكار بولسۇن ئۈچۈن ئۆزى ساقلاپ كېلىۋاتقان مەخسۇس «1909» دېگەن سانغا ئىشلىتىلگەن ئاق خىشتىن بىرنى ئەۋەتىپتۇ. مەن ئاپرېلدا بۇ خىشنى تاپشۇرۇۋېلىپ، بىر ئەسىردىن بۇيان ئىلى ئاسمىنىدا چاقناپ، غۇلجا خەلقىنىڭ غۇرۇر ۋە ئىپتىخار نەزىرىدە قارىشىغا مۇيەسسەر بولۇپكەلگەن بۇ بىر پارچە خىش بىلەن تەكرار سۆزلىشىپ، سىردىشىپ، بۇ ماقالەمنى يېزىپ چىقتىم. مانا بۇ مېنى ھاياجانغا سالغان بىر پارچە خىشنىڭ سىرى!

2009 ـ يىل 21 ـ ئىيۇن، شەھىرى ئۈرۈمچى

## نەقىل مەنبەلىرى

[1] «مانېرھېيمنىڭ غەربىي يۇرتنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى»، جۇڭگو مىللىي فوتوگرافىيە سەنئىتى نەشرىياتى 2004 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 262 ـ بەت.

[2] «ئالتە شەھەرگە ساياھەت»، نوغمان باياندىين(قازاقستان)، «مىراس»ژۇرنىلى 2006 ـ يىل 1 ـ سان67 ـ بەت.

[3] «غۇلجىنىڭ سودا تارىخىدىن قىسقىچە بايان»، «غۇلجا شەھەر تارىخىي ماتېرىياللىرى(2)»، 1994 ـ يىل نەشرى

[4] «جۇڭگو يېقىنقى زامان ئومۇمىي تارىخى»5 ـ توم، (يېڭى سىياسەت، ئاساسىي قانۇن تۈزغۈزۈش ۋە شىنخەي ئىنقىلابى)، « سومۇرغ» نەشرىياتى ئاخبارات يەتكۈزۈش گۇرۇھى بىلەن جياڭسۇ خەلق نەشرىياتى بىرلىكتە نەشر قىلغان، 2007 ـ يىل ئۆكتەبىر نەشرى.

[5] «مۇساباييفلار تىبرە زاۋۇتى ھەققىدە سۆز»، «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى (6)»، 1992 ـ يىل نەشرى 236 ـ بەت.

[6] ئەزىزوف ئابدۇللا: «مۇساباييفلار كارخانىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (28)»، 1990 ـ يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى 206 ـ بەت.

[7] «مۇساباي جەمەتى ۋە يېڭىچە مائارىپ»، ئوئىشى شىنچىرو (ياپونىيە)، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2000 ـ يىل 2 ـ سان.

[8] بۇ مەلۇماتنى ياپونىيىلىك ئوئىشى شىنچىرو 1973 ـ يىلى برىتانىيە يېڭى نەشرىياتى نەشر قىلغان«جۇڭگولۇقلار ۋە رۇسىيىلىكلەرنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى»دېگەن كىتابتىن ئالغانلىقىنى ئەسكەرتكەن.

[9] «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان.

[10] «چىن يۈن ماقالىلىرىدىن تاللانما»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1983 ـ يىل ئىيۇن نەشرى 63 ـ بەت.

[11] ئابدۇقەييۇم مۇساباييۇ :«مۇساباييۇ ئائىلىسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ تارىخ ــ مەدەنىيىتى» 2008 ـ يىللىق سان 105 ـ بەت.

[12] «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىل نەشرى، 1 ـ توم171 ـ بەت.

[13] «سانائەت مىراسلىرىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىگە سەل قارىمايلى»، مۇخبىر لى جىگاڭ.«ئىلى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2007 ـ يىل 7 ـ ئىيۇندىكى سانى.

---

ئاپتور: ئەدەبىيات ئوبزورچىسى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدا مۇھەررىر

ماقالىنى تەكلىپلىك بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدى




*قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخىي مەھەللىلىرى دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئىسلام ئەنئەنىسىدىكى بىردىنبىر مەھەللە بولۇپ، ئۇلار قەدىمكى غەربىي يۇرت شەھەرلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى جانلىق تاشقاتمىدۇر.*

*— دۆلەت قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ باش ئىنژېنېرى جىن دېجۇن*

*قەشقەر ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەنئەنىۋى يۇرتلىرىنىڭ بىرى. شەھەر مەركىزىدە ساقلىنىپ تۇرغان ئۇستەڭبويى، چاسا قاتارلىق كونا شەھەر رايونلىرى ئەڭ ئاخىرقى مۇكەممەل ئۇيغۇر ئەنئەنىسىدىكى بىناكارلىق، تۇرمۇش رايونلىرىدۇر. تارىخنىڭ بۇ مەخپىي شىفىرلىرى يىللارسېرى يوقىلىپ تۇرماقتا، بەزى كونا رەستىلەرنىڭ ئىزنالىرى ئۆچۈپ، ئېگىز- ئېگىز بىنالارغا ئورۇن بەرمەكتە. كىشىلەر ئۇيغۇرلار دۇنياسىنىڭ بەزى مەزمۇنلىرىنىڭ سىرىنى ئاچماق تەس بولىدىغان بولدى دەپ ئەنسىرىمەكتە.*

*— جوپېۋ (مۇخبىر)*

*ئېتىقادنى تۇرمۇشلاشتۇرۇش ۋە تۇرمۇشنى ئېتىقادلاشتۇرۇش ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش بەلگىسىدۇر.*

*— شېن ۋېي (خەنزۇ شائىرى)*

**قەشقەرنى سېغىنىش**

ئۈرۈمچى ماڭا تونۇش دىدارىنى ئۆزگەرتكەنسېرى، قەشقەرنى يادىمغا ئالىمەن- دە، تەسەللى تاپىمەن. مەن ئۈرۈمچىدە ياشىغان يىگىرمە نەچچە يىل مابەينىدە، ئۈرۈمچى تىنىمسىز ئۆزگىرىپ باردى. ئېگىز بىنالار بىلەن قورشالغان، ماشىنىلار قايناق كوچىلاردا بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ يەرلىك كىشىلىرىمۇ تېنەيدىغان بولدى. ئۈرۈمچى ئۆز ئادەملىرىنى تاشلاپ كەتتى، مەن باشقا بىر قىياپەتكە قاراپ چىپپ كېتىۋاتقان ئۈرۈمچىنى قوغلاپ يۈرىمەن. ئۆزۈمگە تونۇش ئۈرۈمچىنىڭ نامىنى توۋلاپ يۈرىمەن، ئاۋازىم يوچۇن ئاۋازلارغا غەرق بوپكەتتى. ئۈرۈمچى مەن بالىسىنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىمىدى... شۇنداق چاغدا قەشقەرنىڭ، قەشقەر بەشكېرەمنىڭ شەبنەملىك باغلىرىنى، شۇۋاق پۇراپ تۇرغان سايلىرىنى ئەسلەيمەن- دە، ئۈرۈمچىدە دادىل ياشاۋېرىمەن.

**«ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر»**

ئۈرۈمچىنىڭ قىشى شۇنچە ئۇزاق، تۇمانلىق ھاۋادا ئاسمانپەلەك بىنالارنىڭ خىرە ئەلپازى لەيلەپ

www.uyghurkitap.com

تۇرىدۇ. قايانغا قارىماي ئاپئاق قار بىلەن چۇلغانغان بوغدا چوققىسىنى كۆرەلمەيمەن. ئاشۇنداق چاغدا ئىچىم سىقىلدۇ ـ دە، تاپتاقىر قۇمال تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدىكى غىلاڭ سايدا قەدەملىرىمنى ئىلىپ ماڭغۇم كېلىدۇ.

لوندوننىڭ يامغۇردىن خالىي بولالمايدىغان پەسىللىرىدە كۇتۇپخانىلار ۋە مۇزېيلارنى ئارىلىدىم. چىلىق ـ چىلىق يامغۇردا يامغۇرلۇق كۆتۈرۈپ يۈرگەنلىرىمدە قەشقەرنىڭ يارقىن ئاپتاپلىرىنى سېغىندىم. ئەنقەرە، كونيانىڭ ماي ئېيىدىكى قىزىق ئاپتاپلىرىدا كەزگىنىمدە دەرھال ئېسىمگە كەلگىنى قەشقەر بولدى. كونيا شەھىرى كوچىلىرىنىڭ ئىككى قاسىنىقىغا جالالىددىن رۇمىينىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى چۈشۈرۈلگەن لەۋھەلەر ئېسىلىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگىنىمدە، «قۇتادغۇبىلىك»تىكى دۇردانە سۆزلەر بىلەن قەشقەرنىڭ رەستىلىرىنى زىننەتلىگۈم كەلدى.

دۇنيادىكى قايسىبىر چوڭ شەھەرگە بارماي، ئاۋۋال ئېسىمگە كېلىدىغىنى قەشقەر...

توكيودىكى دوستلار «نەدىن كەلدىڭ؟» دەپ سورىغاندا، «قەشقەردىن كەلدىم» دېدىم، ئۇلار چۈشەندى.

لوندوندىكى دوستلار «نەدىن كەلدىڭ؟» دەپ سورىغاندا، «قەشقەردىن كەلدىم» دېدىم، ئۇلار چۈشەندى.

ئىستانبۇلدىكى دوستلار «نەدىن كەلدىڭ؟» دەپ سورىغاندا، «قەشقەردىن كەلدىم» دېدىم، ئۇلار چۈشەندى.

كىم قەشقەرنى چۈشەنمىسە، مېنى، مېنى، مېنى... باشقا بىرسىگە ئوخشايدىغان مىليون ـ مىليونلاپ مېنى چۈشەنمەيدۇ.

قانچە سەيياھ قەشقەر ھەققىدە يېزىشمىدى!؟ يەنە ئاز، قەشقەر ئۆزىنىڭ مۆجىزىسىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇۋاتقان بىر شەھەر، شۇڭا، قانچە يازسا ئاز...

قەلىمىمنى بۈيۈك قەلەم ساھىبلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن بىلەيلەرگە بىلەپ، ساپ ئىنسانىي ۋىجدانىمنىڭ سىياھىنى ئىچكۈزدۈم. قەشقەرنى يازماقچى بولىمەن ـ دە، تۇرۇپ قالىمەن. سۆزلەرنى قۇراشتۇرۇپ بولغىچە قەشقەر كېتىپ قالىدۇ. بەلكىم «قەشقەر!» دەپ تولدۇرۇپ بىر تۇۋلاش، سۆيەتكە سىغمايدىغان بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ ساددا، ئەڭ ئىخچام تەسۋىرى بوپقالار.

قەشقەر!!!...

## قەشقەرگە كىرىش

«ۋەتەنگە قايتساملا، ئارامىمنى قەشقەرگە بېرىپ ئالىمەن» دېگەنىدىم ياۋروپادىكى مۇساپىرەتتە. كەلدىم، ئۇنداق بولمىدى. ۋۇجۇدى ۋە روھىنى گۆرۈگە قويۇپ ياشايدىغان مەندەك بىر بىلگە (زىيالىي)چاقنىڭ بوسۇغا داۋاندىن ئاتلىمىقى ئاسان ئەمەسكەن.

قانچە قېتىم نىيەت قىلىپ، مانا ئاخىرى قەشقەرگە كېتىۋاتىمەن. پويىز ئاتۇشتىن ئۆتۈش بىلەن بەشكېرەم باغلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. «بولدى، پاراڭ قىلماڭلار» دېدىم باللىرىمغا. رېلىسنىڭ ئىككى قاسىنىقىدىكى يۇرتۇم ۋادىسىنى ئېرەنسىز ئۆتكۈزۈۋەتكۈم كەلمىدى. شۇ چاغدىكى ھېسلىرىم بەلكىم مۇشۇنداق بولغىيدى:

باغرىنى يېرىپ ئۆتكەن رېلىس بويلاپ،
پويىزدا ئۆتتۈم مانا بەشكېرەمدىن.
پىيادە يۇرت كېزىشنى شۇنچە ئويلاپ،
تېپىلىپ كېتەلمىگەن ئىرادەمدىن.

پېقىرلار يالاڭ ئاياغ كېچىپ ئۆتكەن
تويغا تەگسە مېنىڭ تاپانلىرىم.
بىر دۇنيا يۈتەر بەلكىم ئۆزۈم كۆتكەن،
توساتتىن تېپىشىپ ئىلھام تويانلىرىم.

پويىز سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، تاراقلاپ كېتىپ بارىدۇ. سىنچى كۆزلىرىم قويۇق ياپراقلار ئارىسىدىن مارىلاپ، ئالتۇندەك ئەنجۈرلەرنى كۆرۈشكە ئۈلگۈردى.

ئەنجۈر ئاق كۆتۈللىكىدىن ئادەمئاتىغا دالدا بولۇپ، جازالانغان مېۋە ئىدى. شۇڭا، چېچىكىنى كۆرسەتمەيلا، غۇجمەكلەپ پىشۋالاتتى. مەنمۇ ھەمىشە بۇ ئادەمزات ئالمىدە ئاق كۆتۈللىكىم تۈپەيلى جازالىنىۋاتىمەن.

تەقدىردىشىم ئەنجۈرگە خوش دېدىم ئىچىمدە.

پويىز تاراقلاپ كېتىپ بارىدۇ، دۆڭلۈكلەر تاقىر باشلىرىنى زېمىننىڭ باغرىغا ياققىنچە كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ. تۇتاش دۆڭلەر گويا خىيال بېسىپ

قېتىپ كەتكەن دېڭىز دولقۇنلىرى ئىدىكى، شاۋقۇنلىرىنى زېمىننىڭ ئۈستىگە ئەمەس، زېمىننىڭ قەرىگە تاراتماقتا ئىدى. بۇنداق شاۋقۇننى پەقەت شېھىتلەرلا ئاڭلىيالىسا كېرەك. تۇساتتىن قايسىدۇر بىر شائىر ئېيتقان مۇنۇ مىسرالار ئېسىمدىن كەچتى:

ئەجەب مۇڭلۇغ مۇشۇ قەشقەر دىيارى،
كۆرۈنگەن ھەربىر دۆڭ شېھىت مازارى.

كەچۈر قەشقىرىم، كەچۈر مېنى شېھىتلىرىم، ئاراڭلارغا پويىز بىلەن كىرىپ بىھۆرمەتلىك قىلدىم. لېكىن، جىسمىم پويىزدا بولغىنى بىلەن روھىم سىلەرنىڭ خاكىڭلار بىلەن قوشۇلۇپ كېتىپ بولدى.

## چىڭقى چۈشتىكى قەشقەر

قەشقەر كوچىلىرىدا ئۆز پۇتۇم بىلەن مېڭىۋاتىمەن. بۇ، رېئاللىقتىكى قەشقەر، مەنمۇ رېئاللىقتىكى مەن. لېكىن مەن شۇنداق دېيىشىم كېرەك: مەن قەشقەرنى چۈشەۋاتىمەن، ئويغاق بىر ھالدا قەشقەرنى چۈشەۋاتىمەن. بۇ چۈشتە خىيالىي رومانتىكىنىڭ ئورنىنى رېئال شېرىنلىك ئىگىلىگەن بولۇپ، تېلىققان سېغىنىشتىن كېيىنكى ۋىسال ھەرقانچە راست بولسىمۇ، ئۆزى ياراتقان روھىي زىلزىلە ئىچىدە خىيالىي بوياقلاردىن جۇلا تاپىدۇ.

قەشقەرنىڭ ئاسمىنى زىيادە كۆكمۇ ئەمەس، قەشقەر ئۆزىنىڭ ھاۋاسىدىكى ئاقۇش سۇس تومانلار ئاستىدا قاقلىنىپ ياتىدۇ. ئەسلىدىكى سېغىزرەڭ ئۆيلەر كۈچلۈك كۈن نۇرىنىڭ تەپتىدە تاۋلىنىپ، ئاچ گىلرەڭ تۈسكە كىرگەنىدى.

ئاچ گىلرەڭ تۇپراق، گىلرەڭ ئۆيلەر گويا بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزنىڭ كېلەچىكى ئىدى. جىسمىمىز ئەسىرلەپ يانغان قۇياش يالقۇنىدا پىشىپ ئىمارەت تاملىرىغا ئايلانغاندا، سۈكۈنات تىللىرىمىز بىلەن ئەۋلادلىرىمىزغا سۆزلەيمىز. ئاھ، شۇ ئەۋلادلار كەلگۈسىدىكى تىلىمىزنى چۈشىنەرمۇ؟ ئۆتمۈش بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن شۇ تىلىمىزنى...

قەشقەر ئىمارەتلىرىدىكى ھەربىر خىش ئۆتمۈش قىسمەتلىرى قاچىلانغان تۆت چاسا پلاستىنكا، ئۇنى ئىماندىن پۈتكەن قۇلاق بولمىسا، ھېچكىم ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولالمايدۇ.

قەشقەر ئىمارەتلىرىدىكى ھەربىر خىش پەلەككە ئۆرلەۋېتىپ، بىر مەزگىل توختاپ قالغان ۋەسىيەت.

قەشقەر ئىمارەتلىرىدىكى ھەربىر خىش بىر يۈرەكتۇركى، بىر- بىرى بىلەن جىپسىلىشىپ زور بىر قەسىرنى بەرپا قىلىشقىنىدا، تۇتاش ھالدا سوقۇپ تۇرىدۇ.

پەخەس بول ئەي نادان! قەشقەرنىڭ ھەربىر خىشى تىرىك ئادەم، ئۇنى ئاۋايلاپ تۇت، شۇندىلا ئۇ ساڭا ئادەمىيلىكنىڭ نېمىلىكىنى ئۆگىتىپ قويىدۇ.

قەشقەر ئاسمىنىدىكى ئاقۇش توزانلار گويا يىراق دەشتىدىكى بۇ شەھەرنىڭ تىنىقلىرى. ئۇلار دەرەخلەرنىڭ ئالىقانلىرىغا يۈرەك سۆزلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇشۇپ، ئەرش پوچتىخانىسىغا يۈكسىلىدۇ.

ئۇلۇغ شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرى شېھىتلىك مەقامىدا ئەۋلادلىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا پىچىرلاپ تۇرىدۇ، گويا تۇپراق تىلىدا، توزان تىلىدا، شامال تىلىدا، بوران تىلىدا، كەپتەر تىلىدا ياكى جىمجىت قەبرىستان تىلىدا...

— نەگە بارىسىلەر ئەي توزانلار؟

— ساماغا، يۈكسەككە، يۇلتۇزلارغا ئايلانغان يۈرەككە!

گىلرەڭ تۇپراق، ئاقۇش توزان، زەڭگەر ئاسمان... ئاپتاپ گويا بىر خىتابەتتەك ھېيتگاھ مەيدانىدا ماكان تۇتقان.

ھېيتگاھ مەيدانىدىكى قىزىق ئاپتاپ باشقا يەرنىڭ ئاپتاپلىرىغا ئوخشىمايدۇ. ئوتتەك ھارارىتى تاپاندىن ۋە باشتىن ئۆتۈپ، يۈرەكتە ئۇچرىشىدۇ. كىشى بۇ يەردە ئەرش بىلەن پەرشنىڭ تەپتىنى بىرلا ۋاقىتتا ھېس قىلالايدۇ.

غىلاڭ سېمونت مەيدانىدىكى چىڭقى چۈش ئاپتىپى گويا ساما سالىدۇ. ئۇنىڭ ئارىسىغا كىرگەن كىشىنىڭ جېنىمۇ ساما سالىدۇ. قىيامەتنى تەجرىبە قىلىمەن دېسەڭ تومۇزدىكى ھېيتگاھنىڭ ئاپتىپىغا كەل!

بۇ يەردىكى سائەت مۇنارى، بۇ يەردىكى ئانار ھەيكىلى، بۇ يەردىكى گۈلىستانلار ئاپتاپتا ئېرىپ، ئۆتمۈش دېڭىزىغا قۇيۇلۇپ كەتكەن.

## قەشقەر كوچىلىرى

ھېچكىم كاشىلا قىلمىسا، ئۆستەڭبويى، نوبېشى، جانقورغان، بۇلاقبېشى مەھەللىلىرىنى تەنھا ھالدا

قانغۇچە ئايلىنىۋالسام دەيمەن. قەشقەرنى راسا سېغىنغان چاغلىرىمدا، لوندوندا شۇنداق دېدىم، ئۈرۈمچىدىمۇ شۇنداق دېدىم.

پۇرسەتلەر ئاخىرى كەلدى. ساھىبخانىلارنىڭ قىزغىن خېرىدارلىقلىرى ۋاقتىمنى قىس قىلىۋەتسىمۇ، بىر ئەتىگىنى بۇ تەۋەررۈك شەھەرنىڭ قەدىمىي رەستىلىرىنى كۆزلەپ ئىشىكتىن تەنها چىقتىم.

جانقورغان مەھەللىسى

مەھەللە بالىلىرى تولىمۇ سۆيۈملۈك. ئۇلار ئۆز مەھەللىسىگە يولۇققان يات كىشلەرنى ئاسانلا بايقىۋالالايتتى. قاپقارا سەبىي كۆزلەر ماڭا قىزىقسىنىپ تىكىلدى. راستىنى دېسەم، ئاشۇنداق خالىس قارا كۆزلەر ماڭا تىكىلسە يايراپ كېتىمەن. مەن بىر قانچە دەقىقە بولسىمۇ ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىنىڭ بىر نۇقتىسىغا ئايلىنالىغانىدىم. مەن ئۇلارنى ھودۇقتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن گويا ئۇلارغا سەپ سالمىغان قىياپەتتە مېڭىپ، ماڭا قاراپ تۇرغان پاك، مەسۇم كۆزلىرىنى تاماشا قىلاتتىم. شۇ ئارقىلىق دەرمەھەل پەيدا بولغان باللىقىغا قايتىش ئىستەكلىرىمنى غايىبانە بىر تەقلىد بىلەن قاندۇراتتىم.

ئۇلار چۇرۇقلىشىپ بىر ـ بىرىنى قوغلايتتى. بۇ، دۇنيادىكى غەرەزسىز قوغلاشلاردىن ئىدى. بۇ يەردىكى بارچە خۇشاللىق پەقەت قوغلاشنىڭ ئۆزىگىلا مۇجەسسەم ئىدى.

رەستىدىكى كىشلەر قايسىدۇر بىر تار كوچىنىڭ ئالدىدا غايىب بولاتتى. كىملەردۇر قايسىدۇر بىر تار كوچىدىن چىقىپ، رەستىدىكى پىيادىلەر ئېقىمىغا قوشۇلۇپ كېتەتتى. ئاپئاق ساقاللىق مويسىپىتلەر، پەرەنجىلىك ئاياللار، ئۇلارغا ئەگەشكەن باللار، كىيلىشتۇرۇپ بۇرۇت قويۇۋېلىشقان سۆلەتلىك يىگىتلەر... ۋاھ، بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى خويمۇ قامالاشقان. قويۇق سۇمبۇل چاچلىرىنى نىپىز سۆسۈن ياغلىق بىلەن باستۇرۇپ چېگىۋالغان زىلۋا بىر چوكان ئالدى ـ كەينىگە ئىككى بالىسىنى مىنگەشتۈرۈپ، توك موتىسىكلىتىنى ھەيدىگىنىچە بىر تار كوچىدىن چىقىپ كەلدى ـ دە، ئادەملەر ئېقىمىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇنى كۆرۈپ غۇجمەك مېۋىلىگەن يۇمران ئەنجۈر شېخىنى ئەسلەپ قالدىم.

مەن ھەربىر تار كوچىغا ئېرىنمەي كىرىپ باقتىم.

قېنى، بۇ كوچىلار مېنى نەلەرگە باشلايدىكىن دېدىم ئىچىمدە. بىردىنلا نەۋائىينىڭ مۇنۇ مىسرالىرى ئېسىمدىن كەچتى:

*ماڭا نە مەنزىلۇ ـ مەئۋا ئايان، نە خانۇمان پەيدا،*

*نە جانىمدىن ئەسەر زاھىر، نە كۆڭلۈمدىن نىشان پەيدا.*

ماڭا نەگە بېرىش مۇھىم ئەمەس، شۇ تاپتا بىرەر مەقسەتتىن خالىيمەن. پەقەت بۇ تار كوچىلارنىڭ چېكىگە يەتسەم دەيمەن. بەلكىم، بۇ تار كوچىلاردا نام ـ شەرىپى تېخى يېتىپ كەلمىگەن شائىر ياكى ئەللامىنىڭ قولىيازمىلىرى ياتقاندۇ. سارغىيىپ كەتكەن قولىيازمىلاردىكى قۇرلارنىڭ ئارىسىغا غايىبانە سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك لەززەت تۇيغۇسىغا ئەسىر بولۇشقا باشلىدىم.

تار كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىنى بويلاپ جايلاشقان ئىككى ـ ئۈچ قەۋەتلىك ئۆيلەر بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، كوچىنىڭ ئىچىدە كوچا، ھويلىنىڭ ئىچىدە ھويلا ئىدى. ئەپچىل ھويلىدا تەشتەكتە ئۆستۈرۈلگەن ھەرخىل گۈل بەئەينى گۈللۈك پېشايۋان بىلەن گۈللەر تىلى ئارقىلىق پاراڭلىشىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. يەردىمۇ گۈل، تاملاردىمۇ گۈل. تېشىدىن قارىماققا قاقسەنەمدەك كۆرۈنىدىغان بۇ شەھەرنىڭ ئىچ ـ ئىچى گۈل بىلەن تولغانىدى. شۇڭا، ئايۋانلاردا گۈل، پېشايۋانلاردا گۈل، ھويلا دەرۋازىسىدا گۈل، ھويلىلاردا مېڭىپ يۈرۈۋاتقىنىمۇ گۈل، چۈمبەللەردە گۈل، تەكچىلەردىكى كونا كىتابلاردا گۈل، ئىچىلىۋاتقان چايلاردىمۇ گۈل... بەزى ئۆيلەر كوچا تاملىرىغا مىنگەشتۈرۈپ سېلىنغان بولۇپ، بۇنداق ئۆيلەرنىڭ تۈۋرۈكسىز تاشمىسىدىن ئۈزۈن كارىدور ھاسىل بولغانىدى. چىرايلىق پەردىلەنگەن دېرىزە تەكچىسىگە قويۇلغان گۈل ياكى ساماۋار دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. تار كوچىلار بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقان دوقمۇشمۇ تار ئىدى. دوقمۇشتا بىر قانچە ھويلا ئىشىكلىرى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى. ئۈستىگە قارىسىڭىز بىر پارچە زەڭگەر ئاسمان خۇددى مۇشۇ كىچىككىنە يىپىق دوقمۇشنىڭ ساماۋى تورۇسىدەك كۆرۈنىدۇ.

ئەنە، بوسۇغىدا ئولتۇرغان ئىككى ئايال نېمىلەرنىدۇر دېيىشىۋاتىدۇ. بىر ـ بىرىگە مۆرىدىشىپ

uygurkitap.com

ئولتۇرغان ئۆيلەرمۇ بىر نىمىلەرنى دېيىشىۋاتىدۇ. ئۆيلەر ۋە ئادەملەر قايسى قىسمەت ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتقاندۇ- ھە؟ ئۇلار مۇشۇنداق دىلكەشلىك بىلەن مىڭلاپ ئەسىرنى يولغا سېلىپ قويۇپ، يېڭى بىر ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا تىرىك مۆزىيغا ئايلىنىپ تۇرۇپتۇ.

تومۇر- تومۇردەك سوزۇلغان تار كوچىلار تومۇر- تومۇردەك خالتا كوچىلارنى قوينىغا ئالغانىدى. ئەگرى- بۈگرى، ئوڭغۇل- دوڭغۇل بۇ تار كوچىلار دۇنياغا داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېت شەھىرى كامبىرىجنىڭ كوچىلىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئەنگلىزلار كامبىرىجنىڭ ئاشۇ تار كوچىلىرى بىلەن ئىنتايىن پەخىرلىنىدۇ، چۈنكى، ئاشۇ تار كوچىلاردا مىڭلاپ يۇرۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان نۇرغۇن ئالىم نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ شۆھرىتىنى يايغان. ئەنگلىيىدىكى يەنە بىر قەدىمىي شەھەر دارھامنىڭ كوچىلىرىنى ئايلانغىنىمدا، ئوردىئالدى كوچىسى ۋە ئەشمىكا كوچىسىنى ئەسلەپ قالغانىدىم. دۇنيادىكى كۆپلىگەن قەدىمىي شەھەرنىڭ كوچىلىرى قەشقەرنىڭكىدەك تار بولىدىكەن. ۋەھالەنكى، بۇ تار كوچىلاردا تالاي كاتتا ئالىم ماڭغانىدى. مەن كىتاب بارغان بۇ تار كوچىلاردا ئەينى دەۋرلەردە بۇخارا، سەمەرقەند، نىشاپۇر، بەلخ، باغداد، دەمەشىق، شىراز، ئۇفا، ئىستانبۇللاردا ئىلىم مەشئىلىنى ياندۇرغان قايسى دانىشمەن ماڭمىغان!

*ئانىجان قەشقەر كوچاڭدا غىچىلا ئالىملار ئىزى،*
*سەندە شۆھرەت، سەندە ۋىجدان، سەندە تۆۋەنچ يىلتىزى.*
*ئەھلى مەردانلار مازارى، ئەقلى كامىللار ئېلى،*
*تۇزغان ئاچچىق تويانىدىن يورىغاي ئىقبال كۆزى.*

قەشقەرنىڭ تار كوچىلىرى مىڭ يىللاپ ئىلمىي ھاياتنىڭ شاھىتى بولغان ئەينى زامان ئۇنىۋېرسىتېتلىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن. خانلىق مەدرىسەسى، ساقىيە مەدرىسەسى، ساچ مەدرىسەسى... دېمەككى، قەشقەر ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېت شەھىرى. مەدرىسەلەر، ئەي مۇقەددەس چوغدان! ئېگىز مۇنارلىرىڭ قېنى؟ يوقاپ كەتكەن قايسىدۇر بىر كىتابنى غايىب ھويلاڭدىكى ئۈجمە سايىسىدا بىر سائەت ۋاراقلىۋالسام ۋۇجۇدۇم ئىللىپ قالار ئىدى!

قەشقەرنىڭ تار كوچىلىرى مۆھەببەتكە باي ئىدى. بۇ كوچىلاردا ماڭغا يولۇققانلىكى كىشىلەر ماڭغا ئىللىق سالام بېرىپ ئۆتەتتى. «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەيتتىم مەنمۇ تۇرغانلارنى كۆرسەم. ئۇلار سالىمىمنى مەندىن ئارتۇق تەۋەززۇ بىلەن ئىللىك ئالاتتى. بەزى مومايلار «ئۆيگە چىسلە، مېھمان» دەپ ئىلتىپات كۆرسىتەتتى. قېرىنداشلىقنىڭ كۆۋرۈكىدىن دېرەك بېرىدىغان بۇنداق يېقىملىق سالاملار تاۋار، پۇل ئەقىدىسىگە گىرىپتار بولۇپ، كۆڭلى پۇچەكلىشىپ كېتىۋاتقان تاۋار ئادەملەردىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ بارماقتا ئىدى.

خالتا كوچىلارنىڭ ئاخىرى بىرەر گۈللۈك دەرۋازا بىلەن تۈگەيتتى. دەرۋازا بىر ئائىلە ئىپپىتىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئەڭ ياخشىسى، ئەمدى كەينىمگە ياناي. ئىشكلەرنىڭ ئۆزى خالىغاندا ئىچىدىن ئېچىلغىنى ئەۋزەل.

## تار كوچىنىڭ باللىرى

كوچىنىڭ ئېغىزىدىلا بىر قانچە ئايال گەپلىشىپ تۇرۇپتۇ. ئۈستى يېپىق تار كوچا؛ ئىككى تەرىپىمدە ئۆي، ئۈستۈمدىمۇ ئۆي. تار كوچا مېنى سۈمۈرمەكتە. بۇ تار كوچىلارنىڭ نىمىسى مېنى شۇنچە تارتىدۇ؟ بىلمەيمەن. بۇ، تار كوچىلار بىلەن ۋىساللىشىشمۇ ياكى ۋىدالىشىشمۇ؟

ئىچكىرىلەپ كىرىۋېدىم، كوچا بارغانسېرى خىلۋەتلىشىپ كەتتى. ئەتىگەنلىك قۇياش بالىخانىلارنىڭ ئۆگزىسىگە ئۆزىنىڭ زەررەك لەۋھەسىنى ئاسقان، لېكىن كارىدورسىمان تار كوچىدىن سەھەرنىڭ گۈگۈملىرى ئەمدىلا خوشلاشماقتا ئىدى.

ئايلىنىپ- ئايلىنىپ، تار كوچىنىڭ ئاخىرىغا بېرىپ قالدىم. دېمەك، بۇ بىر خالتا كوچا ئىكەن. كەينىمگە ياندىم- دە، يەنە بىر تار كوچىغا بۇرالدىم. ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئۈچ ئاچىلىق بىر دوقمۇشقا كەلدىم. دوقمۇشتا چاقچاقلىغىنىمە بىر مەسچىت بولۇپ، مەسچىتنىڭ ئىشك تېمى، سۇپىسى ۋە مۇنارلىرى سىغىزرەڭ پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلغان. مەسچىتنىڭ قۇلۇپلانغان ئىشكىگە «تىنچ مەسچىت» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن قەلەي تاختا مىخلانغان.

لېكىن مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى كىچىككىنە دوقمۇش سەيناسى تىنچ ئەمەس ئىدى. بەش ـ ئالتە بالىنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلىرى بۇ يەرنى بىر ئالغانىدى، ئوغۇللار كالتە ئىشتان بىلەنلا چىققان بولۇپ، پۇتلىرىدا ساپما كەش، ئىككى قىز ئەتلەس تامبالنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. قارىغاندا، ئۇلار ئۇيقۇسىدىن بايىلا ئويغىنىپ، ناشتا تەييار بولغىچە ئوينىۋالايلى دېگەن بولسا كېرەك.

دوقمۇشقا كىلىپ تۇرۇشۇمغىلا، ھاۋادىن ئايروپىلاننىڭ ئاۋازى كەلدى. باللار بىردەكلا ئاسمانغا قاراشتى. مەنمۇ قارىماي تۇرالمىدىم. مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى سەيناچىلىك كىلىدىغان زەڭگەر ئاسماندىن ئويۇنچۇقتەك بىر ئايروپىلان غىل ـ پال كۆرۈنۈپلا ئۆتۈپ كەتتى. باللاردىن بىرى بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بارماقلىرىنى ئۇچلاپ ئايروپىلاندەك قىلىپ، ئايروپىلاننىڭ ئاۋازىنى دوراپ تۆت ـ بەش قەدەم ماڭدى، باشقا باللارمۇ ئەگەشتى. ئۇلار ئايروپىلاندەك توۋلاشقىنىچە زەڭگەر ئاسمانغا ئۇزاققىچە قاراشتى.

بۇ مەھەللىنى تار دەپ كەم دەيدۇ. بۇ مەھەللىنىڭ باللىرى ئۆزىنىڭ تار كوچىلىرىنى بىپايان ئاسمان دەپ بىلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە تونۇش بۇ مەھەللىدە بەئەينى ئەزىم دەرىيادىكى بېلىقچانلارنىڭ ئۆزى. ئۇلار ئۆزىنىڭ مەھەللىسىدىكى چوڭ ـ كىچىكلەرنىڭ ھەممىسىنى تونۇيدۇ، خالىغان بىر ھويلىغا قورۇنماي كىرەلەيدۇ.

تار كوچا باللىرىنىڭ كۆڭلىدىكى مەھەللىلەر ناھايىتى كەڭ. ئۇلار كۆپ ھالدا ئاسمانلاردا، رىۋايەتلەردە، تاملاردىن ھالقىپ كەتكەن چۈشلىرىدە ئەركىن قىيغىتىپ ئوينايدۇ. ئاسماندىكى خالىغان بىر يۇلتۇزنى ئۈزۈپ، ئانىلىرىغا ئۈزۈك سوقتۇرۇپ بېرىدۇ.

تار كوچىدىكى ئاشۇ باللارنى ئاسماندىن يىراق دەپ ئېيتىشقا كىم پېتىنالايدۇ!؟

## تار كوچىدىكى ئايال

بىر دوقمۇشتىن قايرىلىشىمغا، ياش بىر چوكان بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. چوكان ئەندىككەندەك بولۇپ، ئۆزىنى چەتكە ئالدى، رومىلىنىڭ بۇرجىكىنى يۈزىگە دالدا قىلدى. بۇنداق ئەتىگەندە ناتونۇش بىر ئەر كىشىنىڭ بىر خىلۋەت تار كوچىدا چۆرگىلەپ يۈرۈشىنى ئايال نەدىن بىلسۇن؟

بۇ تاسادىپىي مەنزىرە كۆڭلۈمنى لەرزىگە سالدى. ئايال ئالمان ـ تالمان يۈرۈپ كەتتى. تەسراتىمنىڭ چىنىسى ئاستا ـ ئاستا توشۇپ، تېشىشقا باشلىدى. كوچىلاردا ئۇدۇل كەلگىنىچە، دولىسىنى ئۇچلاپ سوقۇپ ئۆتۈپ كەتكەن تايتاڭ قىزلارنى كۆپ كۆرگەنمەن. شۇنداق چاغلاردا ئەرلىك زوراۋانلىقىم بىر كۆبجۇپ يەنە تىنىپ قالاتتى. مانا ھازىر ئاشۇ روماللىق چوكانغا جاھاندىكى داغدام يوللارنىڭ ھەممىسىنى ئىككى قوللاپ سۇنغۇم كەلدى.

ئايال ئۆزىگە بۇيرۇلغان ئەرنىڭ ئامانىتىدۇر. پاكىز، گۈزەل ئاياللار، ئاياللىرىنىڭ ئۆزلىرىدىكى ھەققىنى تونۇپ، بىجانىدىل ئۆتىيەلىگەن ئەرلەرنىڭ ھاردۇق ئېشى. ئاياللار ئەرلىك غۇرۇرى ۋە شىجائىتىنىڭ مۇستەھكەم قورغىنىدا تۇرغاندىلا ھەقىقىي گۈزەل. ھەقىقىي ئەر بار يەردە ئاياللىق غۇنچىلىرى قات ـ قېتىدىن تەبئىي ئېچىلىدۇ.

پىتنە ـ پاساتقا تولغان بىر دۇنيادا بىرنى بىر دەيدىغان ئەرلەرگە زىيادە كۆپ ماللىق يېتىدۇ. ئەگەر ئاشۇ ئەرنىڭ لاتاپەتلىك، چېچەن بىر ئايالى بولسا، ئەرلىك سۆلىتىنى دات باستۇرماي ساقلىيالايدۇ.

قايسىدۇر بىر سۆھبەتتە شۇنداق ئىشتكەنمەن: ئىنگلىز ئىمپېراتورلىرى مىسىرغا قەست قىلىپ مەقسەتلىرىگە دېگەندەك يېتەلمىگەندە، مىسىر ئاياللىرىنى شاراب سورۇنلىرى، بەزمە تۈنەكلىرىگە ئېلىپ كىرەلىگىنىمىزدە مىسىر بىزنىڭ بولىدۇ، دېيىشكەنىكەن. چۈنكى، يىگىتلەرنىڭ جاسارىتى ناپاك ئاياللارنىڭ ئارىسىدا ئاسان سۇنىدۇ. ئەرلىرى سۇنغان ئەلنىڭ ئاياللىرى بەرىبىر ئولجا.

پارس شائىرى ھافىز شىرازىي ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى مۇنداق مۇبالىغە قىلغانىكەن:

*ئەگەر كۆڭلۈمنى شاد ئەتسە ئۇ شوخ شىراز جانانى،*
*قارا خالىغا بەخش ئەتسەم سەمەرقەندۇ ـ بۇخارانى.*

ئۇنىڭ قاپىيىسىگە مۇنداق سوئداشقۇم كەلدى:

*مەگەر ئېيىتسە ساقىي كاشىغەرنىڭ ھۆرۈ ـ غىلمانى،*
*تۇغار مىليون تۇمارىسىنى، ئالاي ئالىينى، دانانى.*

## تار كوچىدىكى ھويلا

قەشقەردىكى تار كوچىلارنىڭ ئىشىكلىرى قوش قاناتلىق بولىدۇ. ئىشىكنىڭ قاناتلىرى يېپىلغاندا، ئىشىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر نەچچە بارماق ئېگىزلىكتە ئېشىپ تۇرغان بوسۇغا بىلەن شۇنداق ھەملىشىپ كېتىدۇكى، ھېچقانداق يوچۇق قالمايدۇ. ئىشىكنىڭ ئىككى قانىتى ھەملەشكەندە، بىر قانىتىغا ئورنىتىلغان تۆت بارماق كەڭلىكتىكى قېلىن مىنا ھېچقانداق يوچۇققا ئورۇن قالدۇرمايدۇ. ئىشىكنىڭ قاناتلىرىدىكى نەقىشلەر ئىشىكلەرگە باشقىچە سۆلەت كىرگۈزىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بوسۇغىسى غۇرۇر ۋە ئىپپەتنىڭ سىمۋولى. ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ ھەرقانداق نەرسىسى ئۇنىڭ رۇخسىتىدىن مۇستەسنا ھالدا يات كۆزلەرنىڭ نەزىرىگە چۈشمەسلىكى كېرەك. ئۇيغۇرلاردا بوسۇغا ئىچىدىكى ئىشلار بىلەن بوسۇغا سىرتىدىكى ئىشلارنىڭ چەك- چېگرىسى كەسكىن ئايرىلىدۇ. بوسۇغا ئۆينىڭ خوجايىنى بولغان ئەركەكنىڭ قەدىر- قىممىتىدىن دېرەك بېرىدىغان نىشان. ئەركەكلەر سىرتقا چىقىپ كەتكەن ھامان بوسۇغا يات ئادەملەرنىڭ قەدىمىگە نىسبەتەن بىر ئېھتىيات سىزىقىدۇر. ئىچىدىن زەنجىرلەنگەن ئىشىكنىڭ كەينىدىكى گۈللۈك ھويلا ۋە خىلۋەت خانىلار، خىلۋەت خانىلاردىكى خانىملار ۋە قىزلار ئەرلىك غۇرۇرنىڭ بىغۇبار سەلتەنىتى سۈپىتىدە ئاۋايلاپ ساقلىنىدۇ. باكىرە قىزلارغا جۈپتى ھالال بولۇشنى ئىستىگەن يىگىت ئاتا- ئانىسىنىڭ قولى بىلەن بۇ جەزبىلىك گۈلدار ئىشىكنىڭ تۆمۈر ھالقىسىنى شاراقلاتسا بولىدۇ.

قوش قاناتلىق ئىشىك ئېچىلغاندىمۇ، ئىشىكنىڭ ئىچى تەرىپىگە تارتىلغان پەردە ھويلىنىڭ خاسلىقىنى توسۇپ تۇرىدۇ. ئىشىكنى چەككۈچى پەقەت ئىشىكنى رازىمەنلىك بىلەن ئاچقۇچى ساھىبخانا بىلەن دىدارلاشسا بولىدۇ، ئۆينىڭ ئىپپىتى پەردە ئارقىسىدا تۇرۇۋېرىدۇ.

مېھمان— ساھىبخانىنىڭ غۇرۇرى ئەرزىتكەن بۇ ئاشۇ زاتلار ئۆينىڭ قەدىر- قىممەت ئەقىدىسىنىڭ تۆرىدە مۇھەببەتنىڭ مۇناسىپ پەزىلەتلىرى ۋە نېمەتلىرىدىن نېسىۋە ئالىدۇ.

پەردىلەنگەن قوش قاناتلىق ئىشىك، پەردىلەنگەن دېرىزە، پەردىلەنگەن رۇخسار... قارىماققا، بۇلار كىشىلىك جەمئىيەتتىن ئۆزىنى ئايرىۋېتىشنىڭ بەلگىسىدەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، بۇ ئۆيلەردە ئالاھىدە تەقلەپ قويۇلغان ئاپتۇۋا بىلەن چىلاپچىنىڭ نازۇك سەنئەتلىرىنى، مېھمانغا سۇ بېرىشتىكى ئادەمىي مەزمۇنغا باي تەرتىپلەرنى ئويلىسىڭىز، بۇ خىلۋەت خانىدانىنىڭ سېخىيلىقتا تولىمۇ ئوچۇق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرىسىز. ئۆزى خالاپ ئېچىلغان ئىشىكلەر ھەققەتەن سېخىيدۇر.

تۇڭگانلارنىڭ كاتتا يازغۇچىسى جاڭ چېڭجىر ئەپەندى بىز تەسۋىرلەۋاتقان ئاشۇنداق بىر ھويلا ھەققىدە مۇنداق يازغانىكەن: «بۇ ھويلا مەن ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك. بۇ ھويلىدا بەلكىم ھېچقانچە مال- مۈلۈك يوقتۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ئېتىقاد، غۇرۇر، كۆي ۋە ھۆسن بار. مۇشۇ بىر قانچە خىل بايلىقتىن كېلىپ چىققان قەشقەر سېھرى مۇشۇ ئاددىي ھويلىدا نامايان ئىدى.» (1995) ئۇ، ئۆزىنىڭ جامالىنى ئېرىنىڭ ئامانىتى دەپ چۈشەنگەن چۈمبەللىك بىر ئايالنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى جەلپكارلىقتىن تەسىرلەنگەن ھالدا شۇنداق يازماي تۇرالمىغان: «مەن ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىدىم، لېكىن، ئۇ ماڭا قەشقەرنىڭ قىياپىتىنىڭ بىر بۆرجىكىنى كۆرسەتتى.»

ئىنسانىيەتنىڭ بىر بۈيۈك ئەپەندىسى ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن مارىلىغانلارنىڭ كۆزىگە چېچىنى تارىغان تاغىقىنىڭ چىشىنى تىقىۋەتكىدەك دەرىجىدە غەزەپلەنگەنىكەن. ئۆي ۋە ئائىلە دەل كېڭەيگەن ئۆزىمىز ئەمەسمۇ؟ ئۆزىنىڭ قوۋمىنى ئائىلەم دەپ، بارلىق ئار- نومۇسىنى زىممىسىگە ئالىدىغان ئەزىمەتلەرنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىش نەقەدەر شەرەپ- ھە!؟

## تار كوچىدىكى ئاقساقال

بۇ بوۋاي دىققىتىمنى نېمە ئۈچۈن تارتتىكىن؟ ئۇنى يىراقتىن كۆردۈم- دە، بىر شەيدالىقنى سەزدىم.

ئۇ، قېرى بولسىمۇ، خۇش سۈرەتتۈركى، مەسچىتنىڭ سۈپىسىدا مۇلايىمغىنە ئاپتاپسىنىپ

uyghurkitap.com

ئولتۇرۇپتۇ. ئاپتاپ ئۇنىڭ دۇمبىسىنى سىلىغىنچە، ئىچىدىكى سۇكۇناتلىرىنى ئەركىن قويۇپ بېرىشكە ئۈندىگەندەك ئىدى. ئاپئاق خەسە ئىشتان، ئۇزۇن خەسە كۆڭلەك ئەتىگەننىڭ ياغدەك ئاپتىپىدا بۆلەكچە جۇلاغا كىرىپتۇ. ئاپئاق ساقاللار مېيىن شامالنىڭ قولى بىلەن تارانماقتا. چىمەندوپپا ساپ ھاۋالىق باغنىڭ ئەندازى بولۇپ، خۇشناۋالار گويا ئاپتاپلارنىڭ بەھرىدە جىلۋە ـ نامايىش قىلار.

ئىبادەتتىكى پاكىزلىكنى مەھەللىلەرگە باشلاپ چىققان ئەي چال، سۇكۇتلىرىڭدە بۇ دۇنيانىڭ يەنە قايسى غەۋغالىرىنى ھەزىم قىلىۋاتىسەن؟ شۇ تاپتا سەن شۇكرىلەرنىڭ زىياپىتىدە ئولتۇرۇۋاتامسەن ياكى ئىجتىھاتنىڭ قىيامىتىدىمۇ؟

ئاقلىقنىڭ تىمتاس دولقۇنلىرىدا تەمكىن ئۈزۈۋاتقان ئەي يولۇچى، قىلىچنىڭ بىسىغا دەل چۈشكەن تامچە ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەندەك، ۋۇجۇدۇڭ بۇيەردە، روھىڭ ئۇ يەردىمۇ؟

بوۋاينىڭ سۇكۇتىگە جۆر بولۇپ تۆت ـ بەش قەدەم نېرىدا تۇراتتىم. كىيىملىرى ۋەيرانە بىر يىگىت ئۆز ـ ئۆزىگە بىر نېمىلەرنى دەپ ياندىكى بىر كوچىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ، ھېلى كەينىگە، ھېلى ئالدىغا بۇرۇلۇپ قاراپ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ كىرلىشىپ كەتكەن چىرايدىكى تەبەسسۇم گويا قېتىپ قالغاندەك بىرخىل رەۋىشتە تۇرۇۋېرەتتى. ئۇنىڭ بىر قولىدا نان بولۇپ، يەنە بىر قولىدا «بۇ يەردە جىق گەپ بار» دەپ يۈرىكىنى كۆرسىتەتتى.

«بۇ يەردە جىق گەپ بار»...

بۇ شۇنداق بىر نەق مەيدان ئىدىكى، ئىككى ئادەم دۇنيا بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى، بىرى ئاۋازسىز، بىرى ئاۋازلىق.

ئەي سۇكۇناتى ئۆزىنىڭ تىلىغا ئايلاندۇرۇۋالغان يەرلىك پەيلاسوپ، دېڭىزىڭدىن ماڭىمۇ بىر ئارال بەر. زەيتۇن شېخى چىشلىگەن كەپتىرىمنى مەنمۇ ساڭا ئوخشاش پاكىز ئولتۇرۇپ كۈتۈشنى ئۆگىنىۋالاي.

بۇنىڭدىن ئاۋۋال نامازدىن قايتىپ ھېيتگاھ جامەسىنىڭ يان دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا بەھۇزۇر پاراڭلاشقان ئىككى ئاقساقالنى كۆرگەنىدىم. ئۇلار سوقرات بىلەن ئەپلاتونىدەك ۋەزمىن ۋە سۆلەتلىك ئىدى. ئۇلار سەنمىدىڭ ئەي ساھىبى فىكرەت، زاھىرىڭدا كۆپ، باتىنىڭدا بىر بولغان؟

دۇنيادا ئەلف ھەرپى يېزىلغان دەپتەرلەر تالاي، لېكىن، ئەلفنىڭ ئۆزى بىر بولغاندەك، قەشقەرنىڭ ئاپئاق ساقال مويسىپىتلىرى ھايات مەناسىنىڭ قىيامىدا گويا بىردەك ئىدى. ئۇلار دۇنيانىڭ ۋاپاسىزلىقىغا قانائەت ۋە سەۋرنىڭ ئاددىي كەپسىنى قۇرۇپ، جىمجىت ياشىماقتا ئىدى.

سېنى كۆرمىسەم ئەي ھېكمەتلىك ئاقساقال، قەشقەرنى كۆرگىنىم ھېسابقا ئۆتمىگەن بولاتتى! سەن بەئەينى قەشقەرنىڭ داۋراڭسىز ئارخىپى.

### قېنى، ئۇ تۈۋرۈكلەر

تۈپىلار توشۇلۇپ بوپتۇ، تاملار غايىپ بوپتۇ. قايمۇقۇپ ئۈچۈپ كەلگەن شامال قالدۇق ئاچچىق تۈپىلارنى توزۇتۇپ، دىمىقىمغا ئۇردى. مىڭ يىللىق ئىسسىق ـ سوغۇقنى باشتىن كەچۈرگەن خانلىق مەدرىسە بىلەن ئەنە شۇنداق كۆرۈشتۈم.

قېنى، ئۇ ھەيۋەت دەرۋازىلار، مۇسانىڭ ھاسىسىدىن باشلانغان زۇمرەت بۇلاقلارنى ۋادىمىزغا باشلىغان؟

قېنى ئۇ پەشتاقلار، ئاينىڭ زىياپىتىدە لېۋىمىزنى زەمزەمگە چىلىغان؟

قېنى، ئۇ ئۇۋرىقلار، ئەگىزلىرى بىلەن تەكلىرىمىزنى كۆكلىتىپ، بىدىشلىرىمىزنى ئۈزۈملەر بىلەن تولدۇرغان؟

قېنى، ئۇ تۈۋرۈكلەر، كۆزلىرىمىزنى پەلەكنىڭ سەييارىلىرى بىلەن ئۇلاپ، نەزەرلىرىمىزنى كائىناتنىڭ نۇرلىرى بىلەن سۇغۇرغان؟

قېنى، ئۇ پېشايۋانلار، كەپتەرلەرنى ئۆگىتىپ، ئىلىم شەيدالىرىنىڭ مۇڭلۇق قىرائەتلىرىگە تەشكەش بۇقۇلداتقان؟

قېنى، ئۇ ھاسا تاياقلار، پەسىللەرنىڭ يۆنىلىشىگە يول كۆرسەتكەن؟

قېنى، ئۇ ھويلىلارغا باغلانغان ئاتلار، تۇياقلىرىدىن بۇخارا ۋە ھىندىستاننىڭ تۈپىسى پۇراپ تۇرىدىغان؟

قېنى، ئۇ تىلەكلەر، باشاقلارغا ئايلىنىپ كۈن نۇرىدا چايقالغان؟

قېنى، ئۇ مەپىلەر، سۇبھى چۆلىنىنى كولدۇرما

قىلىپ چالغان؟
هويلامدىكى تۆت تۈپ دەرەخكىلا قاپتۇ، ئەي مىڭ يىللىق يىشىل سۇلالەم. ئەمدى مەن ئۇلارنى بىر- بىرلەپ قۇچاقلاپ چىقاي. قېنى، مەن ئۇلارنى بىر ئىرغىتىپ باقاي، يۇلتۇزلار ئۈجمە بولۇپ تۆكۈلەمدىكىن؟ سايىسىدا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇپ باقاي، ئەي خادىم، قولۇمغا كىتاب بەر! زاتىمىز ھەققىدە سوئال سوراپ باقاي، بۇ دەرەخلەرگە يۆلىنىپ كېتىپ قالغان ئەي مۇددەرىس، ئىجازەت بەر!

※ ※ ※

مەدرىسە هويلىسىدىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ئاجىز ئىسسىق شامالدا ئىبرىنچەكلىك بىلەن قىمىرلايتتى. توپىلار دىمىقىمنى ئېچىشتۇرۇپ، بارا- بارا ھەممە يېرىم ئاچچىق بولدى. هويلىنىڭ بىر چېتىدىكى بىر تامدا مىهراب ۋە تەكچىلەر ئاخىرقى يادىكار بوپقاپتۇ. ئاشۇ تەكچىلەرگە كىتاب تىزىپ قويغۇم كەلدى.

توختاڭلار ئەي بازار ئەھلى! بىر پەس سۈكۈت قىلىۋالاي، ماڭا سۈكۈت قىلىش هوقۇقى بېرىلگەن ئەمەسمىدى.

## تونۇر

قەشقەر كوچىلىرىنىڭ بىرىدە كېتىۋېتىپ، بىر هويلىدىكى تونۇرنى كۆرۈپ قالدىم. ئىشىكى ئوچۇق بىر هويلا، تونۇر بېشىدا ئايالالار. بىلىكىگە قېلىن يەڭلىك كىيىپ، گەزنە تۇتۇۋالغان ئوتتۇرا ياش بىر ئايال ھەدەپ تونۇرغا ئېڭىشەتتى. خېمىرلار ياش چوكانلارنىڭ قولىدا زوۋۇلىغا ئايلىناتتى، تولۇن ئايغا ئايلىناتتى، تۆكۈچلەردىن يۇلتۇزلار تۆكۈلەتتى. ئانىلارنىڭ قولى بىلەن ئايلار تونۇرغا پېتىپ، يەنە شۇ ئانىلارنىڭ قولىدا قۇياش بولۇپ تونۇردىن تۇغۇلاتتى. ئانىلار ئايدىڭ ئاخشامنى ئۇزىتىپ قويۇپ، يەنە شۇ قوللىرىدا ئاتەش قۇياشنى كۈتۈۋالاتتى.

تونۇر بەجايىكى كائىناتنىڭ ئۆزى، ئۇ گويا ئانىلارنىڭ ئايغى ئاستىدا ئايلىنىۋاتىدۇ.

شۇ تاپتا ناندىكى هالاللىقنىڭ پايانىغا ئەقلىم يەتمىدى. بىر تال دان باشاقتا ئايلانغۇچە تالاي مېھنەت كېتىدۇ. باشاقلار تۇپراق بىلەن سۇنىڭ تالاي كېچە، تالاي كۈندۈز پەپىلەشلىرىدە تەييار بولىدۇ. ئۇنىڭغا تالاي يۇلتۇز پەرۋانە بولىدۇ، ئاي بىلەن قۇياش تالاي قېتىم سالام بېرىدۇ، شامالالار تىنىماي ئەركىلىتىدۇ. ئۇلار خامانىدا قوشۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، چەشكە ئايلانغۇچە، چەش ئۈگۈتكە ئايلانغۇچە، ئۈگۈت ئاپپاق ئۇنغا ئايلانغۇچە قانچىلىك ئەجىر كېتىدۇ!؟ جىمى هالاللىق سەۋرچان مېھنەتتىن كېلىدۇ. ئاھ، بۇ هالاللىقنىڭ تەرىپىگە لۇغەتلەر توشماس!

لېكىن، نە ھېكمەتكى، شۇ قەدەر هالال ناننىڭ تۇزكورلىرى بار. بۇ ھەقتە شائىر تۇردى سامساق شۇنداق يېزىپتۇ:

*هارارەت تەپتىدىن تومۇز ئايتىپى*
*تۇك بولۇپ تۆپۈلار جانۇ- تومۇرغا.*
*سۈت سۈركەپ تۇقاچىنى تاۋلىغان ئانا،*
*دەمىمۇ دەم چۆكەتتى چوغلۇق تونۇرغا.*

*بويۇڭدىن ئۆرگىلەي ئاق چاچ مېھربان،*
*تىلىكىڭ بار بولسۇن، مۇرادقا يەتكىن.*
*نېنىڭ يەپ، غېمىڭنى يېمىگەنلەرنى،*
*ئادەملىك تىزىمىدىن ئۆچۈرۈپ ئەتكىن.*

ئانىلارنىڭ قولىدىن چىققان نانلارغا ئۇلارنىڭ قوشۇۋەتكەن مېھرىنى قانداق ئۆلچەش مۇمكىن؟ بىر بۇردا ناننى ئېتىزدىن تونۇرغىچە بولغان ئۇزاق مۇساپىدىن ئۆز قولى بىلەن تەييار قىلغان ئانىنى بازاردىكى ناننىڭ كۆزى بىلەن كۆرەلەمسەن؟

قارا، ئانىلارنىڭ قولىدىكى گەزنىدىمۇ ئادەمىيلىككە ياتىدىغان بىر ھېكمەت بار. گەزنىنىڭ ئىككى يۈزى بار، لېكىن بىر يۈزى بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئادەملەرنىڭ بىر يۈزى بار، لېكىن ئىككى- ئۈچ يۈزى بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ.

تونۇر بىر مەھەللىنى ئۆزىگە جەم قىلىدۇ. بىر مەھەللىنىڭ قەلبى تونۇردا ۋايىغا يەتكەن تۈزنىڭ تەمىدىن كامالەت تاپىدۇ. تونۇردىن چىققان نان سان- ساناقسىز ئادەمنىڭ رىشتىسىنى ئۇلاپ، بىر ۋۇجۇدقا ئايلاندۇرىدۇ.

تونۇر يوق مەھەللىلەرگە قاراپ بېقىڭلار، ئۇلار قۇياشنىڭ نۇرى ئاستىدىمۇ سوغۇق بولىدۇ.

## ئوسمانقارىي كۈتۈپخانىسى

ئوسمانقارىي تامچى ئادەم ئىكەن. قەشقەر كوچىلىرىدىكى تالاي ئۆيدە بارماقلىرىمنىڭ ئىزى بار دېدى ئۇ.

ئۆيلەر ئىنسان ئىپپىتىنىڭ قورغىنى. ئۆيلەر شەخسىيىتىمىزنىڭ دەخلىسىزلىكى ئۈچۈندۇر. پەقەت بوسۇغىنىڭ ئىچىگە ئۆتكىنىمىزدە بىز ئۆزىمىزگە قايتىمىز. ھەقىقىي ئۆزىمىزگە ئايلانغان ھالدا بىر پىيالە چېيىمىزنى ئارامخۇدا ئىچىمىز. تۆشەكلىرىمىز دېڭىزدەك كۆپىجۈپ، تەشنا بەدەنلىرىمىزنى دولقۇنلىرىنىڭ قوينىغا ئالىدۇ، قۇشلىرىمىز شاخلىرىمىزغا قونۇپ، ئەركىن ناۋا قىلىشىدۇ. تالادىكى رەنج ـ ئاھانەتلىرىمىز ئاشۇ تام قېتىدىكى خاس ئارامىمىزدا ئاچچىق مەلھەمگە ئايلىنىدۇ.

ئوسمانقارىي تىترىگەن بەدەنلەرگە گويا تۇپراقتىن لىباس توقۇپ، پەم بىلەن يېپىپ قويماقتا، ھەربىر ئۆينىڭ دېرىزىسىگە ھىلال ئاينى باشلاپ قويۇپ، مۇنارلاردا سۇبھى بىلەن پىچىرلاشماقتا.

ئوسمانقارىي پۈتكەن ئۆيلەرنىڭ كىلتىنى ئۆي ئىگىلىرىگە ئىخلاس بىلەن تاپشۇرۇپ، «بۇنى باشقىلارغا بەرمەڭ، ئەۋلادلارنىڭ بۆشۈكىنى ھېكمەت بىلەن تەۋرىتىڭ» دەيتتى.

قەشقەر ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ كىتابخۇمار كېلىدىغانلىقى ماڭا ئايان. قەشقەر رەستىلىرىدىكى دۇكانلارنىڭ كىتاب تېپىلمايدىغانلىرى ناھايىتى ئاز. ھېيتگاھ ئەتراپىدىكى رەستىلەردە ھەممە ئىقلىمنىڭ كىتابلىرى تېپىلاتتى بىر چاغلاردا. قەشقەر كىشىلىرىدە تەبئىي بالقىپ تۇرغان شائىرانە خىسلەت بار. ئەقىل بىلەن سەمە بولۇشنى بىلسەك، قەشقەرنىڭ پىشقان ئادەملىرى مۇتەپەككۇر كېلىدۇ. بىرلا يېرى، ئۇلاردا ھەشەمەت يوق.

ئوسمانقارىي كىتابخۇمار كىشى ئىكەن. ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ شەخسىي كۈتۈپخانىسىغا باشلىدى. ئەپچىل ھويلا گۈللەر بىلەن ياساندۇرۇلغان. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پەشتاقتىن ئىككىنچى قەۋەتتىكى بىر خانىغا كىردىم. ئۆينىڭ ئىچ تېمىغا يانداپ قويۇلغان ئىشكاپ پۈتۈنلەي كىتاب بىلەن توشۇپتۇ. ئۇ يەنە ھەرقايسى دەۋردىن قالغان تام رەسىملىرى، تەشۇۋىقاتلار، ئاسما كالېندار، ئىزناك ۋە بىروشۇرىلارنىمۇ كۆڭۈل قويۇپ توپلاپتۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا دىۋان ۋە شىرە قويۇلغان. ئۇ مېنى دېرىزىنىڭ يېنىغا قويۇلغان بىر دىۋانغا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ كىتابلىرىنى قانغۇچە كۆزدىن كەچۈردۈم. ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا چىققان كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئاساسەن دېگۈدەك سېتىۋاپتۇ. ئىزدىگەنلىكى كىتابنى بۇ يەردىن قىينالمايلا تاپقىلى بولاتتى.

ئۇ ماڭا ئالبوملىرىنى كۆرسەتتى. ئالبوم قەشقەر ئەدىبلىرى ۋە قەشقەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغان باشقا شەھەر ئەدىبلىرىنىڭ سۈرەتلىرى بىلەن توشۇپتۇ. قارىسام، ئەھمەد زىيائىي، ئۆتكۈر ئەپەندىم قاتارلىق پېشۋالارنىڭ دەل مەن ئولتۇرغان دىۋاندا ئولتۇرۇپ چۈشكەن سۈرەتلىرىمۇ تۇرۇپتۇ. ئالبوملار ۋە خاتىرىلەر ئەدىبلەرنىڭ يالداما سۆزلىرى بىلەن تېخىمۇ قىممەتلىك بوپكەتكەن.

شۇ پەيتتە شۇنداق ئويلىغىنىم ئېسىمدە: ئادەملىرىمىز ئۆزىنىڭ ئىلىم ئادەملىرىنى ئوسمانقارىيدەك بايقىيالىغان بولسا، بىزنىڭ قەدىر ـ قىممەت سۈپىسىدىكى ئورنىمىز قانداق بولار بولغىيدى؟

ئوسمانقارىي يالداما دەپتىرىنى ماڭا سۇنۇپ:

— ئەپەندىم، ئىككى كەلىمە ئىلتىپات قىلسىلا، — دېدى.

— يوقسۇ، تەقسىر! مەندە ئۇنداق سالاھىيەت يوق، — دېدىم مەن.

— مالال كەلمىسە، كەمىنىلىرى ئىنشالىرىنى ئىستىدىم.

تەڭقىسلىقتا دەپتەرنى قولۇمغا ئالدىم. بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ، شۇنداق مەزمۇندا بىر نەچچە قۇر يازدىم: كېلەچەكنىڭ خىمىر تۇرۇچى بەزىدە مۇشۇنداق خىلۋەت ماكانلاردا ئۆزىنى ساقلايدۇ. بۇ بىر ئۆي ئەمەس، بەلكى گۈزەللىك ۋە ھەققانىيەتكە بولغان تەلپۈنۈشنى ئۆزگە ئالغان قىممەتلىك قەلب.

قايتقۇچە بولاقبىشى مەھەللىسىدىكى گىرە ـ گىرە ئۆيلەرگە نەزەر تاشلاپ، قەشقەردە ئەقىل دۇردانىلىرى بىلەن زىننەت تاپقان ئاشۇنداق خانىلەرمۇ ئاز ئەمەستۇ دەپ يېنىك تىنىدىم.

كىتابسىز ئۆي دېرىزىسىز ئۆيگە ئوخشايدۇ دەپتىكەن بىراۋ. شۇ تاپتا ماڭا كىتابسىز ئۆي

پالاقسىز كېمىدەك بىلىنىدى. بۇنداق كېمە ئۆزىنىڭ نىشانىغا قاراپ ئەمەس، ئېقىننىڭ مەيلىگە قاراپ ئۈزىدۇ.

## قەشقەر چايخانىلىرى

ياۋروپانىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا دائىر كىتابلىرىدا پارىژنىڭ سالونلىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. سالونلار گويا ئىسلاھات پىكىرلىرىنىڭ بۆشۈكى ئىدى. بىراق، قەشقەر چايخانىلىرى توغرۇلۇق ۋاراقلانماي، قەغەزلىرى چىرىپ كېتەي دەۋاتقان بىر كىتاب.

دۇنيا قەشقەر چايخانىلىرىنى بىلمەيدۇ، بىراق، دۇنيادىكى بۈيۈك شەھەرلەرنىڭ نامى قەشقەر چايخانىلىرىدا تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدۇ. قەشقەرنى بىلمەيدىغان ھۆكۈمەت ئەربابلىرىنىڭ سۆزلىرى قەشقەر چايخانىلىرىدا يادلىنىپ تۇرىدۇ. قەشقەر چايخانىلىرىدا ئولتۇرغان بىرەر تۆمۈرچىمۇ نەۋائىي بېيتلىرىنى ئوقۇيالايدۇ. كىمدۇر بىرى فۇزۇلىي قاپىيىسىگە كەلتۈرۈپ مۇشائىرە ئوقۇيالايدۇ. قەشقەر چايخانىلىرىدا شەيخ سەئدىي دۇردانىلىرى، جالالىددىن رۇمىي تەلقىنلىرى، ھۆۋەيدا مۇناجاتلىرى، شاھ مەشرەپ ھېكايەتلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئابدۇللا قادىرىينىڭ قەلىمىدىكى رەنا، مىرزا ئەنۋەر، ئاتابېك ۋە كۈمۈش بىبىلەر قەشقەر چايخانىلىرىنىڭ خېرىدارلىرىغا پىششىق تونۇش. بۇ يەردە پۇشكىن ئوقۇلۇپ تۇرغان، چۇستىي پاراڭ تېپىسى بولغان.

دۇنيانىڭ ئېسىگىمۇ كەلمەيدىغان قەشقەر چايخانىلىرىدا دۇنيانىڭ گېپى.

قەشقەر چايخانىلىرىغا كىرىدىغانلار ئومۇمەن ئاددىي كىشىلەر بولۇپ، بۇ يەردىن ھېچقانچە ھەشەمەتنى تاپالمايسىز. بۇ يەردىن تېپىلىدىغىنى باشقا يەردىن تاپقىلى بولمايدىغان قىزغىنلىق، خالىسلىق ۋە دىلكەشلىك. بۇ يەرنىڭ كىشىلىرى بىر چەينەك چاي، بىر پارچە ناۋات، بىر قانچە گىردە بىلەن مەست بولالايدۇ، مەسخىرىلىك لەتىپىلەر، شېرىن زەبان ناخشىلار ھاياتنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكلىرىنى سەمىگە سېلىپ، ئىبرەت ئېلىشقا ئۈندەيدۇ.

ھەسرەتكى، رېستوران مەدەنىيىتى بۇ شەھەرنىڭ ساپ مىللىي روھتىكى چايخانىلىرىنى يەكلەپ قويغاندەك تۇرىدۇ. بۇرۇنقىدەك ئىسسىق چىراي چايخانىلار ئەۋلادلىرىنىڭ ئاز قېلىۋاتقىنىدىن خورسىنىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ.

ھازىرمۇ ئەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان قەشقەر چايخانىلىرى ئۆزىنىڭ دەۋرىدىكى خىسلىتىدىن تامامەن قېپقالمىغانىدى.

ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئېشىپ قالغان بىر چۈشتىن كېيىن بىر چايخانىغا كىردىم- دە، كوچا تەرەپكە قارايدىغان لەمپىنىڭ ئاستىدىكى كىرلىشىپ كەتكەن ئەدىيالدىن ئورۇن ئالدىم. مۇلازىمغا بىر چەينەك چاي، بىر نان بۇيرۇتتۇم. چاي كەلگىچە قېشىمدا ئولتۇرغان ئۈچ سۆھبەتداشقا نەزەر تاشلاشقا ئۈلگۈردۈم. ئۇلار ياشانغانلار بولۇپ، گىردىنى ئالدىدىكى پىيالىلەرگە چىلاپ قويۇپ، پىنەك قىلىپ يۆگەلگەن موخۇركىنى نۆۋەت بىلەن شورايتتى. ئۇلارنىڭ بىرى شاپ بۇرۇت قويۇۋالغان، بادامدوپپىلىق ئورۇق، ئېگىز كىشى بولۇپ، سۆزمەن ئىدى. يەنە بىرى، مۈكچەيگەن گەۋدىسىنى پات- پات تىكلەپ كوچىغا قاراپ قوياتتى ۋە بېشىدىكى شاپاق دوپپىسىنى ئېلىپ، قورۇق بېسىپ كەتكەن يۈزىدىكى تەرلەرنى سۈرتەتتى. ئۈچىنچى بىرى بولسا، پىيالىلەرگە چاي لىقلىغاچ، پاراڭغا قوشۇق سېلىپ، سۆزلەۋاتقان شاپ بۇرۇتلۇقنىڭ ھەپىلىسىنى ئۆرلىتەتتى. ئۇنىڭ يەرلىك ئۇسۇلدا تىكىلگەن كۆڭلىكى چاچراپ كەتكەن تاماكا چوغىدا كۆيۈپ، تۆشۈك بوپكەتكەنىدى، كۆڭلەك يېڭى يۇيۇلغان بولسا كېرەك، ئاپئاق ئىدى.

مۇلازىم مەن بۇيرۇتقان چاي ۋە نانلارنى پەتنۇسقا سېلىپ ئەكىردى. چاينى پىيالىگە قۇيۇپ بىر ئوتلىدىم، دورىلىق چاي ئاغزىمنى ئازراق قورۇپ، ھۇزۇر بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. گويا ئاشۇ بىر پىيالە چاي بىلەن چايخانىنىڭ كەيپىياتىغا بىراقلا سىڭىپ كەتكەندەك بولدۇم. بىر تەرىپىمدىكى ئۈزۈن ئورۇندۇقتا ئۈچ جەت ئەللىك كېلىپ ئورۇنلاشتى، ئۇلارنىڭ بىرى فوتو ئاپپاراتىنى كوچىنىڭ مەنزىرىسىگە توغرىلىغىلى تۇردى.

يېنىمدا خىيالىمنى بۆلىدىغان ھېچكىم يوق، ئۆزۈم خالىغان نۇقتىغا بولۇشقا قارىيالايمەن، قەلبىمدىكى ھادىسىلەرنى بىمالال تىڭشىيالايمەن.

— غوجام، ئۆزلىرى بۇ يەدىن ئەمەستەك

تۇربلا، ــ دېدى شاپ بۇرۇت كاداڭ كىشى.

ــ شۇنداق، ئۇرۇمچىدىن كېلىشىم. لېكىن، زوۋۇلام قەشقەردىن.

ــ مۇنداغ دېسىلە. كۆڭەللىرى پېقىرلانىڭ چېپىنى تاتىپتۇ ـ دە؟

ــ شۇنداق. بۇ مەن ئىچىپ تۇربدىغان چايلار ئەمەسمۇ.

ــ مالال قىپقويدۇق، قىنى، چايغا باقسلا.

ئۇلار پىيالىدە تۇرۇپ، يۇمشاق قالغان گىردىنى مەززە بىلەن يېيىشتى.

ــ ئابدۇكېرىمئاخۇن، بايىدىن گەپ قىلمىدىلا، نىمە بولدىلا؟

شاپاق دوپپىلىق چال قولىدىكى پىيالىنى قويۇپ ئاستا گەپ باشلىدى:

ــ بىز ئاخۇنۇم ئىبتىغا مىنىپ بىز مەھەللىدىن ئۆتەپتۇ. بۇ مەھەللىدە كىچىك بىز كۆل بولاپ، كۆلنىڭ بويىدا تۆت ـ بەش ئۇششاق بالا ئويناۋاتقانىكەن، شۇ ۋاقىتتا ئاخۇنۇم كېلىپ كۆلدە ئىبتىنى سۇغۇرۇپتا. باللاردىن كەپسىزرەك بىرى ئاتقا قاراپ «تىرت!» دەپ توۋلاپ قويغانىكەن، ھۈركۈپ كەتكەن ئات ئاخۇنۇمنىڭ قولىدىكى چۇلۋۇردىن بەش ـ ئالتە قەدەم سۆرەپ كېتىپتا. بۇنىڭدىن ھەپسىلىسى پىر بولغان ئاخۇنۇم كېلىپ، ھاسا تايىقى بىلەن باللارنى ئۇرۇپ كېتىپتا.

ــ ئاخۇنۇم، نىمىدەپ ھەممىزنى ئۇربلا، ــ دەپتۇ باللار.

ئاخۇنۇم بۇ گەپكە پەرۋامۇ قىلماي كېتىپ قاپتا.

ئەتىسى ئاخۇنۇم يەنە شۇ كۆلدە ئىبتىنى سۇغۇرۇپتا. ھېلىقى باللار ئويناۋاتقانىكەن.ئۇلار يەنە تاياق يېيىشتىن قوققانمۇ ياكى ئويۇن بىلەن بوپكەتكەنمۇ، بۇ قېتىم ئاخۇنۇمنىڭ ئىبتىغا «تىرت!» دېمەپتۇ. ئاخۇنۇم ئىبتىنى سۇغۇرۇپ بوپ، باللارنى ھاسىسى بىلەن ئۇرۇپتا.

ــ ئاخۇنۇم، ئاتلىرىغا «تىرت!» دېمىگەن تۇرساق، يەنە نىمىشقا ئۇربلا؟ ــ دەپتۇ باللار تېرىكىپ.

ــ ھەقايىسىڭنىڭ تېشىڭدا «تىرت» بومىغان بىلەن، ئىچىڭدە «تىرت» با، ــ دەپتۇ ئاخۇنۇم يولىغا راۋان بولاپ.

ئابدىكېرىمئاخۇن لەتىپىسىنى تۈگىتىپ بولۇپ، چايدىن بىر ئوتلىدى ـ دە، گويا ھېچنىمە بولمىغاندەك تۈرگۈن تەلەتى بىلەن چايخورلارغا قاراپ قويدى. قالغان ئىككىسى «تووۋا، ھەجەپ ئىشكىنا» دەپ سىڭايان كۈلۈپ قويۇشتى.

ــ بىر كۈنى ئا.جالائىر ئەپەندى بىلەن ھەمداستىخان بولاپقالغانتىم، ــ دەپ گەپ باشلىدى چاي قۇيۇپ ئولتۇرغان ئادەم، ــ ئۇ قىزىق بىر گەپ قىلدى.

ــ ھە، نىمە دېدى؟ ــ دېدى شاپ بۇرۇت.

ــ ئۇنىڭ بىر دوستىنىڭ بالىسى بىرەر سازنى چېلىشنى ئۆگىنىپ قوياي دېگەنتىم، قايسى سازنى ئۆگەنسەم بولا، ــ دەپ سوراپتا. جالائىر ئەپەندى: چاۋاك چېلىشنى ئۆگەن دەپتۇ. چاۋاك دېگەنمۇ ساز بولامدا؟ ــ دەپ سوراپتۇ ھەيران قالغان بالا. بۇنىڭغا جاۋابەن جالائىر ئەپەندى: مەربكىمىزدە ئەڭ كۆپ چېلىنۋاتقىنى چاۋاك ئەمەسما دەپتۇ.

ــ تووۋا، بۇ جالائىر ئەپەندىگە چاۋاكنىڭ جىنى چاپلاشقانمۇ، ئۇنىڭ چاۋاك ھەققىدە ئوقۇپ بەرگەن بىر بېيتى ھازىرمۇ ئىسىمدە، ــ دېدى شاپ بۇرۇت.

ــ قىنى، ئوقۇسىلا، ــ دېيىشتى ئىككىيلەن.

شاپ بۇرۇت ئازراق تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئوقۇدى:

ئاتام كەتتى بۇ دۇنيادىن «خوش ـ خوش» بىلەن چاۋاك چېلىپ،
ئانام ئۆتتى بۇ دۇنيادىن ئۇمۇ شۇنداق چاۋاك چېلىپ.
مەنمۇ ئەمدى ئۆتەر بولدۇم، بۇ دۇنيادىن كېتەر بولدۇم،
چاۋاك چېلىپ، چاۋاك چېلىپ، چاۋاك چېلىپ، چاۋاك چېلىپ.

...

ئۈچ قېرى ئۆزلىرىنى قويۇپ بېرىپ كۈلۈشتى.

قەشقەر چايخانىلىرى ئەدەبىياتنىڭ مەكتىپى ئىدى، لېكىن بۇ يەردە ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئايرىلىشىپ كېتەتتى. مەن بۇ مەكتەپتىن تاپقان تەپەككۇر تەرمىچىلىرىنى ئېلىپ، خىيال بىلەن قايتىپ چىقتىم. ئىچىمدە مۇشۇنداق چايخانىلارغا ئاۋاتلىق تىلەيتتىم.

## پەرۇق ۋە دۇنيا

(خاتىمە ئورنىدا)

جانقورغان مەھەللىسىنى ئايلىنىۋاتقىنىمدا، باللار

كوچا ـ كوچىلاردا چۇرۇقلىشىپ ئويناۋاتقانىكەن. باللارنىڭ خىرامان، سەبىي چېھرى دۇنيانىڭ ۋەھىمىلىرىنى قەلبىمدىن سۈپۈرۈۋەتكەندەك بىلىندى، ئۇلارغا يېقىنلىشىش ئىستىكى جۇش ئۇردى.

ــ ئىسمىڭ نېمە؟ــ سورىدىم بىرىدىن.

ــ پەرۇق

ــ نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

ــ 13 ياشقا

ــ ئىسمىڭ نىمە؟ــ دەپ سورىدىم پەرۇق يېتىلىۋالغان ئۇكىسىدىن.

ــ نىزامىدىن

ــ سەنچۇ؟ نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

ــ بەش ياشقا

ــ ماڭا مەھەللەڭلەرنى كۆرسەتسەڭلار بولامدۇ؟

ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن، تەلپىمگە قوشۇلدى. ئۇلار ئۆزلىرى بىلىدىغان كوچا ـ كويلارغا، ھويلا ـ ئاراملارغا باشلىدى. مەن كىرگەنلىكى ھويلىنىڭ ئىگىلىرى ئىززەت بىلەن كۈتۈۋالدى.

بۇ قەدىمكى مەھەللىدە مېڭىۋېتىپ، ئايىغىم ئاستىدىن تالاي ئەسىرلىك ئۆتمۈشنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم.

ــ خوش،ــ دېدىم باللارغا قايتار چېغىمدا.

بايىدىن بېرى جىق ئارمىنىنى سۆزلەپ بەرگەن پەرۇق تۇرۇپلا قالدى.

ــ بىز يەنە كۆرۈشۈپ تۇرايلى، ــ دېدى ئۇ بىردىنلا.

ــ خوپ، ــ دېدىمەن ئۇنىڭغا قول بېرىپ، ــ قانداق كۆرۈشىمىز؟

ــ توردا كۆرۈشىمىز.

ــ ئېلخەت ئادرېسىڭ بارمۇ؟

ــ يوق.

ــ QQنومۇرۇڭ بارمۇ؟

ــ يوق.

ــ ئەمىسە...؟

ــ ئاكامنىڭ با. ئاكام بىلەن تورغا چىقىپ تۇرىمەن.

ــ مەن سەن ھەققىدە يازىمەن، پەرۇق، خالىساڭ مېنى ھامان تاپالايسەن.

ئۇلار قاراپ قېلىشتى.

شۇ تاپتا، پۈتكۈل قەشقەر تورغا چىقىپ، ئۆزىنى دۇنياغا جاكارلاۋاتقاندەك بىلىندى. پەرۇق قولىدىكى مائۇسنى بىر قىمىرلىتىۋىدى، دۇنيانىڭ چېتىدىكى قەشقەر بىردىنلا دۇنيانىڭ يۈرىكىگە ئايلاندى.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ماارىپ ئىنستىتۇتىدا ئەدەبىيات پروفېسسورى

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 2010 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشقا ئالدىراڭ

**مۇھتەرەم ئوقۇرمەنلەر:**

**ژۇرنىلىمىزنىڭ 2010 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش بۇ يىل 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى باشلىنىپ، 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاياغلىشىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ باھاسى ئۆزگەرمەيدۇ ــ بۇرۇنقىدەكلا يەككە باھاسى 6 يۈەن، يېرىم يىللىقى 18يۈەن، پۈتۈن يىللىقى 36يۈەن. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بۇ ئىككى ئايلىق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزنىڭ 2010 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇشتا پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 22 ـ 58نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقانداق جايىدىكى پوچتىخانىلاردا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىمەكچىمىزكى، ژۇرنىلىمىز بىۋاسىتە تەھرىر بۆلۈمى ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ياخشىسى پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشىنى سورايمىز.**

**ــ كامالىي ئېھتىرام بىلەن : «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىراتى**

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# تېرەك، كۆل ۋە مەنزىرە

ئەنۋەر مەتسەيدى

تېرەك بوستان، تېرەك بوستان،
تېرەك بوستانغا مەن ھەيران.
سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئارام تاپتى،
مېنىڭ كۆڭلۈم تېخى ۋەيران.
— ئۇيغۇر خەلق قوشىقى

نەۋرۇز كېلىپ ئەتراپ يېشىللىققا پۈركەنگەندىن كېيىن، شەھەردە مۈزلىغان، سېغىنغان روھىمنى ئىللىتىش، ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈن ھەپتە ئاخىرىدىكى دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئەتراپتىكى يېزىلارنى ئاز-تولا ئايلىنىپ كېلىدىغان ئادىتىم بار. ھەر قېتىم سەيلە قىلىپ چىققىنىمدا، تېرەكلىك يېزا يوللىرىدا، باغۋارانلىق، ھويلا- ئاراملىق مەھەللە- كويلاردا، مايسىزارلىق ئېتىز قىرلىرىدا پىيادە كېتىۋېتىپ ئۆزۈمنى بەكمۇ ئەركىن سېزىمەن. خىزمەت بېسىمىنى ئۇنتۇپ، سەل- پەل يەڭگىللەپ قالغاندەك بولىمەن. ئاشۇ ئادىتىم بويىچە بۇ يىل ماي ئېيىنىڭ مەلۇم بىر شەنبە كۈنى ھەزرەت تەرەپكە كۆڭلۈم تارتىپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئاپاق خوجا مازىرى ئالدىغا بېرىپ قالدىم. يېزا يولى تۈگەپ، مازارنىڭ ئالدى دەرۋازىسىغا بۇرۇلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە ئەتراپى ئېگىز تېرەكلەر بىلەن تەبىئىي قاشالانغان «چوڭ كۆل»نى كۆرۈپ، كۆڭلۈم باشقىچە كۆتۈرۈلۈپ قالدى. كۆلدە رەڭگى سارغۇچ تۈسكە كىرگەن سۈزۈك سۇ يېنىك شامالدا بىلىنەر- بىلىنمەس ئۇششاق دولقۇن ھاسىل قىلىپ، تېرەكلەرنىڭ ئاراچلىرىدىن چۈشكەن كۈن نۇرىدا جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان كۆل بويىنىڭ سالقىن ھاۋاسى ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. مەن بۇ يەردىكى مەنزىرىنى بىردەم تاماشا قىلغاندىن كېيىن، مۆھتەرەم شائىر، ژۇرنالىست ھاجى ئەھمەد كولتېكىن ئاكىنىڭ قىزى، يازغۇچى زۇلفىيە كولتېكىن خانىم بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتەي دېگەن ئوي بىلەن مازارنىڭ ئىشكى تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. زۇلفىيە خانىم يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «قارانچۇق»، «نامسىز بارماق»، «ئايتولۇن» قاتارلىق ھېكايە، پوۋېستلار توپلاملىرى بىلەن

تەبىئەت ۋە ئادەم

جامائەتكە تونۇلغان، بولۇپمۇ يېقىندا نەشردىن چىققان «جانان كوچىسىدىكى ئىشلار» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى بىلەن يۇقىرى باھاغا مۇشەررەپ بولغان، ئۇتۇق قازانغان ئەدىبەلىرىمىزدىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مىجەزى بەكمۇ ئوچۇق، خۇش چاقچاق بولغاچقا، بۇرۇندىنلا ئۇنىڭغا ھۆرمىتىم بار ئىدى. ئۇ، مازارغا كەلگەن زىيارەتچىلەرگە بېلەت سېتىش ئورنىدا ئىشلەيتتى. مەن بەش يىل مۇقەددەم بىر مېھماننى باشلاپ چىققاندا، دەل مازارنىڭ ئالدىدىكى ئۆرۈلۈپ چۈشۈش خەۋپى بار دەپ قارالغان يوغان بىر توپ تېرەك كېسىلىۋاتقان چاغدا كۆرۈشكەنىدىم. ئۇنىڭ بۇ يەرنىڭ ھەم ھاۋالىق، ھەم تىنچ، مۇھىمى تېرەك، كۆل ۋە مازار بىر گەۋدىلەشكەن تەۋەررۇك مۇھىتنى ياقتۇرۇپ، شەھەردىكى ئىدارىسىغىمۇ ئالماشماي، ئىشلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم.

زۇلفىيە خانىم مەن بىلەن قىزغىن سالاملاشقاندىن كېيىن، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە «نېمە ئىچىلا؟» دەپ سورىدى. مەن چاقچاق قىلىپ: «‹شەربەت كۆل›نىڭ مۇزدەك سۈيىدىن كەلتۈرسىڭىز؟» دېدىم. كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچكىلى بولمايتتى. ئۇ، بۇنىڭ چاقچاق تەرزىدە ئېيتىلغان تېگى بار گەپ ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن پارىڭىمىز قىزغىن كەيپىياتتا ئۆتتى. ئۇ، بۇ يەرنى بارغانسېرى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى، كۆندە دۇنيانىڭ جاي ـ جايىدىن كېلىدىغان خىلمۇ خىل تىل ۋە قىياپەتتىكى ئادەملەرنى كۆرۈپ، دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ يېنىدىكى «شەربەت كۆل» بىلەن ئەسىرلىشىپ، كىچىكىدىن ئاڭلاپ چوڭ بولغان ئەزان ئاۋازىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، تېخى قىش كۈنلىرى بولسا ئۆزى ئوتۇن يېرىپ، ئۆزى سۇ توشۇپ، ئۆزى مەشكە ئوت قالاپ، شەھەردىكى ئەرلەرگىمۇ تېتىش پۇرسىتى بولمىغان ئاددىي ئەمما ھەقىقىي تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى زوق ـ شوق بىلەن سۆزلەپ بەردى ۋە ئۆزىنىڭ ئوچۇق خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ: «مەن بۇ يەردە ئۇيغۇرلاردىن چىققان تۇنجى ئايال ‹شەيخ› بوپقالدىم» دېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. پاراڭ ئارىلىقىدا، مەن شەھەرلىرىمىزدە بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتقان تېرەكلىرىمىزنىڭ بۇ يەردە يەنىلا كۆككە بوي سوزغان، ئەتراپىغا سايە تاشلاپ تۇرغانلىقىنى، بۇنداق مەنزىرىنى كۆرسەم كۆڭلۈم باشقىچە ئېچىلىپ قالىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم ۋە بىر نەچچە ئېغىز شېئىرىي ئىبارە بىلەن تېرەككە بولغان ئالاھىدە ھېسسىياتىمنى ئىزھار قىلدىم. ئۇ: «قاراڭ، بۇ يەردە تېخى ‹شەربەت كۆل› بار، ئاۋۇ يەردىكىسى ‹چوڭ كۆل›، بۇ ياقتا يەنە مەسچىت...» دەپ، بۇ يەرگە ئۆزىنى باغلاپ تۇرغان بىر مۇنچە تەرەپىنى سۆيۈنۈش ئىچىدە ماڭا تونۇشتۇردى. مەن ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ: «توغرا، ئەتراپىمىزدا بۇنىڭغا ئوخشاش قەدىمىي ھەم مىللىي مەنزىرە بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ، سىزدەك بىر يازغۇچى، تەپەككۇر ئىگىسى ئۈچۈن ھەقىقەتەن ‹ئىستىقامەت› قىلغۇدەك بىر جاي ئىكەن» دېدىم. كۆڭلۈمدە «ئەگەر بۇ جاي بۇ يەرگە مەبلەغ سالغان ساياھەت شىركىتى ئۈچۈن ‹تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخ› بولمىغان بولسا (ئۇ بىر تەرەپتىن پاراڭلاشقاچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغان ساياھەتچىلەرگە بېلەت سېتىۋاتاتتى)، بۇ كۆل ۋە تېرەكلەر قايسى ھالدا تۇرار ئىدى ـ ھە؟» دېگەنلەرنى ئويلىدىم. ئۇ، ئىجادىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ: يېقىندىن بېرى پسىخولوگىيە، پەلسەپە، روھىيەت ساھەسىدىكى كىتابلارنى ئوقۇپ، بۇ جەھەتتىكى بىلىملىرىنى تولۇقلىغانلىقىنى، كەسىپ ۋە خىزمەت مۇھىتىنىڭ تۈرتكىسىدە تارىخ ۋە مەدەنىيەت تېمىسىدا ئىزدىنىپ، قەشقەردىكى قەدىمىي كوچىلارنىڭ نامى بىلەن ماۋزۇلانغان بىر يۈرۈش ھېكايىلەرنى يازغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ «جانان كوچىسىدىكى ئىشلار» ناملىق توپلام بولۇپ چىققانلىقىنى، يەنە «كۆيۈككە داۋا يوق» ناملىق بىر رومانىنى نەشرگە تاپشۇرغانلىقىنى ئېيتتى. مەن: ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئىجادىيەتتە چوقۇم بىر بۆرۈلۈش ياسىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىر مەزگىل زۆرۈر بىلىملەرنى تولۇقلاپ، مۇشۇنداق بىر جايدا «ئىستىقامەت» قىلغانلىقىنىڭ، ئۆزىنى ۋە روھىنى چۈشىنىشكە ئىنتىلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى، ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقى ساھەسىدە

بولغان بولسام، چوقۇم ئۇ ھەقتە تەتقىقات ماقالىسى يازىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

زۇلفىيە خانىم بىلەن قىلىشقان قىسقىچە پاراڭىمىز تۈگىدى. بىراق مېنىڭ تېرەك ۋە كۆل ھەققىدىكى پىكىر- خىياللىرىم تۈگىمىدى.

تېرەك — جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىدا كۆپ ئۆستۈرۈلىدىغان، شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ تەكلىماكان بويلىرىدىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ تەبىئىي مۇھىتىغا ئىنتايىن ماس كېلىدىغان خىسلەتلەك ۋە قىممەتلىك دەرەخلىرىمىزنىڭ بىرى. ماۋدۇننىڭ «سۇۋادان تېرەككە مەدھىيە» ناملىق داڭلىق بىر نەسرى بار. ئۇنىڭدا سۇۋادان تېرەك ياپونغا قارشى ئورۇش مەزگىلىدىكى شىمالىي جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ تىز پۈكمەس خاراكتېرىگە سىمۋول قىلىنغان. بۇ ئەسەر ئۇزاقتىن بېرى ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكىدىن ئورۇن ئېلىپ، ياشلىرىمىزنى قەيسەر ئىرادە ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن تەربىيىلەپ كەلدى. مەنمۇ تېرەكنى سۆيۈملۈك خەلقىمگە ئوخشىتىمەن، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بۇ قەدىمىي، تەۋەررۈك زېمىننى بوستان قىلغان ۋە قوغداپ، ئامان- ئېسەن ساقلىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي روھىغا سىمۋول قىلىمەن.

ئىشىك ئالدى بۈك تېرەكلىك،
بۇلبۇل ئۆتىدۇ.
يېشىل- يېشىل يوپيۇرماقتىن
يامغۇر ئۆتىدۇ.[1]

ئىشىك ئالدى سېگۈ تېرەك،
شېخىنى يۇتاي.
ئاغزىڭىزدا سۇ بېرىڭىز،
ھەسەل دەپ يۇتاي.[2]

بۇنىڭغا ئوخشاش تېرەكنى ۋاستە قىلىپ، چوڭقۇر پىكىر ۋە نازۇك ھېس- تۇيغۇلارنى ئوبرازلىق ئىپادىلەيدىغان ناخشا- قوشاقلار خەلقىمىز ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ.

تېرەك ھەقىقەتەن خىسلەتلىك دەرەخ. ئۇ ھەم تۈز ھەم ئېگىز ئۆسىدۇ، يىلتىزى چوڭقۇر بولىدۇ، ئەتىيازدا زىرائەت ۋە باغۋارانلىرىمىزنى بوران زەربىسىدىن ساقلايدۇ، تومۇزدا كۈن چۈشكەن باشلارغا سايە تاشلايدۇ. كىشىلەرنى قىشتا جۇدۇنىدىن، يازدا ئىسسىقتىن قوغدايدۇ. ھاۋادىكى چاڭ- توزاڭلارنى زىيانلىق تەركىبلەرنى ئۆزىگە سۈمۈرۈپ، ھاۋانى پاكلايدۇ. ئوكسىگېن تارقىتىپ ۋە ھاۋانىڭ نەملىكىنى ئاشۇرۇپ، كىلىماتنى ياخشىلايدۇ. غازاڭلىرى مال- چارۋىلارنىڭ ئېسىل يېمى بولسا، غول ۋە شاخ- بادرىلىرى زۆرۈر قۇرۇلۇش ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ماتېرىيالى بولىدۇ. ئۆي- ئىمارەتلىرىمىز تېرەكسىز پۈتمەيدۇ. ئېگىز ئۆگزىلەرنى كۆتۈرۈپ تۇرغان تۈۋرۈك ۋە خالار تېرەكتىن بولىدۇ. ئۇنىڭ يول بويلىرىدا، باغ ۋە ھويلا ئەتراپلىرىدا، مەھەللىنىڭ چەت- ياقىلىرىدا قەددىنى تىك تۇتۇپ، تەپتەكشى، رەت- رەت تۇرۇشىمۇ خۇددى ئانا زېمىننى قوغداۋاتقان جەڭگىۋار قوشۇنغا ئوخشايدۇ. ئۇ، يېشىللىقى بىلەن زېمىنغا گۈزەللىك ئاتا قىلىپلا قالماي، يەنە ئۆزىگە خاس رەڭگى ھەم يالتىراقلىقى بىلەن يۇرت ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدۇ. شۇڭا ئۇنى ھەر بىر ئۇيغۇر ھاياتلىقتىكى يۆلەنچۈكى، ياشاشتىكى تايانچى، تۇرمۇش مەئىشتى، ئىقتىسادىي بايلىقى، روھىي قۇۋۋىتى ۋە ھۇزۇرى بىلىپ ياخشى كۆرىدۇ، قەدىرلەيدۇ.

ئىشىك ئالدى تېرەكلىك،
ئىمارەتكە كېرەكلىك.
مەن بېغىمدا ئۆيىنىسام،
كىرەلمىسىز يۈرەكلىك؟[3]

ئىشىك ئالدى تال تېرەك،
يەرگە سايە تاشلىدى.
يارنىڭ مېيلى بولغاچقا،
مېنى باغقا باشلىدى.[4]

ئىشىك ئالدى بىر ۋەتەن. بارلىق كىرىش- چىقىش ئەنە شۇ يەردىن باشلىنىدۇ. خەلقىمىزنىڭ تېرەككە بولغان ئالاھىدە ھېسسىياتى ئېتىقاد تۈسىنى ئالغان. بۇنىڭ مەنىۋىيەتتىكى يىلتىزى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەرەخ توتېمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇنى دەرەخكە، جۈملىدىن تېرەككە مۇناسىۋەتلىك ئەپسانە- رىۋايەتلەردىن، پەرھىزلىك قاراشلاردىن، ئۆرپ-

ئادەتلەردىن، تېرەك ئۇلۇغلانغان ۋە تەسۋىرلەنگەن شېئىر- قوشاقلىرىمىزدىن ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر قاغانى بۈكۈخان دەرەخ كاۋىكىدىن چىققانلىقىغا ئائىت ئەپسانە، خەلق ئىچىدە ئېقىپ يۈرگەن بىراۋنىڭ قانداقتۇر بىر مازارغا يېقىن چوڭ دەرەخنى كەسكەندە ئۇنىڭدىن قان چىققانلىقى، شۇ سەۋەبلىك ئۇ كىشىنىڭ يامان ئاقىۋەتكە قالغانلىقى توغرىسىدىكى گەپ- سۆزلەر، تېرەككە مۇناسىۋەتلىك پەرھىزلەر، «جايتېرەك»، «جامالتېرەك»، «بوستانتېرەك»، «قوشتېرەك»، «چېقتېرەك»... دېگەندەك تېرەك سۆزىدىن ياسالغان يەر- جاي ناملىرى بۇنىڭ قىسمەن ئىپادىلىرىدۇر. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. بولۇپمۇ ئۇلۇغلار مازىرىغا تىكىلگەن تېرەكنى ئۇلۇغلاش ئەنئەنىسى شەكىللەنگەن. مىسالەن، قىرمىش ئاتام مازىرىدىكى «كۆسەي تېرەك» ۋە مەھمۇد كاشغەريي مەقبەرىسى يېنىدىكى «هاي- هاي تېرەك»، بەشكېرەمنىڭ بەشتوغراق كەنتىگە جايلاشقان بۇۋىمەريەم خېنىم مازىرىدىكى (كېسىۋېتىلگەن) قېرى تېرەك مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئەنە شۇ مازارلار قاتارىدا ئۇلۇغلىنىپ كەلگەن. خەلق ئارىسىدا بۇنداق تېرەكلەرنىڭ كامىرىدىن چىققان جانلىق نەرسىلەر تۇغماس ئاياللارغا داۋا بولىدۇ، قوۋزاقلىرى چىش ئاغرىقىنى ساقايتىدۇ دەيدىغان خۇراپىي قاراشلارمۇ بار. ئەمما تېرەكنىڭ ئۇيغۇرلار ياشىغان تەبئىي مۇھىتقا ماسلىشىپ، ئۇيغۇر خاراكتېرى ۋە ئېتىقادى بىلەن ئىچكى بىردەكلىك هاسىل قىلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى قامداش، ئۆزگىچە خاس ياشاش ئېكولوگىيىسىنى هاسىل قىلىش ۋە قوغداشتا ئوينىغان رولى ئۇنى مىللىي ئاڭدا ئەنە شۇنداق مۇقەددەس ئورۇنغا ئىگە قىلغان ئاساسىي ئامىل. ئۇنى مىللىيەتتىكى كۆككە تېۋىنىش ئەقىدىسىنىڭ، يۈكسەكلىككە، كەڭلىككە ئىنتىلىش خاھىشىنىڭ، ساددىلىقنى، ساپلىقنى ۋە چىنلىقنى ئۇلۇغلاش ئېڭىنىڭ، تەبئىيلىكنى، تۈزلۈكنى، توغرىلىقنى ئەلا بىلىش پسىخىكىسىنىڭ مۇجەسسىمى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ئىشىك ئالدىدا قوش تېرەك،
شامال چىقسا ئىگىلىدۇ.
سائىا كۆيگەن بۇ يۈرەك
قانداق قىلسا سىگىلىدۇ؟[5]

ئىشىك ئالدى قوش تېرەك،
ئېگىلىپمۇ دېمەيدۇ.
باغرى قاتتىق تاش يۈرەك،
بىر كېلىپمۇ دېمەيدۇ.[6]

توپ تېرەكنىڭ تۈۋىدە
توپ ئوينىغان قارا كۆز.
مۇرادىمغا يەتتىم دەپ،
جۈپ ئوينىغان قارا كۆز.[7]

يۇقىرىقى قوشاقلاردا تېرەك ھەتتا ئىنسان قەلبىنىڭ، ۋەسل تەقەززاسىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. بۇنىڭدىكى «قوش تېرەك» ۋە «جۈپ ئويناش» دېگەنلەر قوشۇلۇش— ۋىسالغا ئىشارە قىلىنغان.

تېرەكلەر تال باراڭلىق هويلىلار، مېۋىلىك باغلار ۋە ئۆزى سايە تاشلاپ تۇرغان ئېرىق- ئۆستەڭلەر، كۆللەر، يول- كوچىلار، ئۆي- ئىمارەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ ئۇيغۇرغا خاس مەھەللە مۇھىتى، ئادەمىيەت ئېكولوگىيىسىنى هاسىل قىلىدۇ. ئۇ، توغراق، يۇلغۇنلار بىلەن بىرگە ئۇيغۇرنىڭ تارىخى ۋە هازىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلار يۇرتىمىز ۋە مىللىتىمىزنىڭ تەبىئىتىگە شۇنچىلىك ماس كەلگەنكى، شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرنىڭ ئوبرازىنى نامايان قىلماقچى بولغان هەرقانداق بىر سەنئەت ئەسىرىدە بۇلار بىر بەلگە سۈپىتىدە تەسۋىرلەنمەي قالمايدۇ. ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل تۇيغۇسى، بەدىئىي تەسەۋۋۇرىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن، دەرد- ئەلەمى، ئارزۇ- ئارمانلىرىغا ھەمنەپەس بولغان.

شامال چىقسا لىڭشىيدۇ
سېرىن يولىدا تېرەك.
ئانچە- مۇنچە كىرىپ تۇرسىلا،
چىدىمايدىكەن يۈرەك.

www.uyghurkitap.com

دەريانىڭ ئۇ قاتىدا
كۆرۈنگەن تېرەك بىزنىڭ،
سىزنىڭ كۆيمىگەن بىلەن،
كۆيىدۇ يۈرەك بىزنىڭ.[8]

كېچە بولسا ياتمايدۇ
تېرەك باشىدا قاغا.
بىزگە سالغان شۇ ئوتنى،
ئەجەب سالمايدىكەن يارغا.[9]

شاخلايدۇ يا شاخلايدۇ،
قاپاق تېرەك شاخلايدۇ.
قاپاق تېرەك تۈۋىدە
بىزنىڭ يارلار ساقلايدۇ.[10]

ئاق تېرەك، كۆك تېرەك،
بىزدىن سىزگە كىم كېرەك...

بىراق قەشقەر شەھىرىنىڭ بىر كوچىسى بولغان «سەمەن يولى»دىكى تېرەكلەرنى بىز ئەمدى كۆرەلمەيمىز. قىشتا قاغىلار قونىدىغان جاي تاپالماي بىنالارنىڭ ئۈستىدە ئەگىپ يۈرىشىدۇ. دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى تېرەكلەرنىڭ ئورنىدا تۇرخۇنلار قەد كۆتۈردى. قاپاق تېرەك تۈۋىدە ساقلايدىغان يارلىرىمۇ يوق. تېلېۋىزور ئالدىغا بەند بولغان باللار «ئاق تېرەك ـ كۆك تېرەك»نى بىلمەيدۇ. بۇندىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن ئىنستىتۇتىمىز ئالدىدىكى بىر مەسچىت هويلىسىدا باراقسان ئايىنىپ، ئالاھازەل بىر مو كەلگۈدەك يەرگە سايە تاشلاپ تۇرىدىغان بىر تۈپ يوغان قاپاق تېرەك بار ئىدى. بۈگۈنگە كەلگەندە ئۇ قۇرۇپ، قاقشال بولغان هالدا تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ غولىغا قوغدىلىدىغان دەرەخ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىر پارچە تاختاي مىخلاقلىق. مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، گەرچە قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، كېسىلىپ كېتىش قىسمىتى هازىرچە ئۇنىڭغا كەلمىدى. قىش كۈنلىرى بىر توپ قاغىنىڭ ئانچە ـ مۇنچە ئۇنى يوقلاپ كېپقالىدىغان چاغلىرىنى هېسابقا ئالمىغاندا، كىشىلەر ئۇنىڭغا دىققەتمۇ قىلمايدۇ. مەن هەر قېتىم ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكىنىمدە، ئۇنىڭ قۇرۇپ كەتكەن گەۋدىسىگە قاراپ بىر قېتىم ئۆرتىنىمەن. ھەممىدىن بەك ئېچىنىدىغىنىم، بۇ يەردە بۇرۇن بىر مەسچىتنىڭ بولغانلىقىنى، مەسچىت هويلىسىدا ئېگىز تېرەكلەر بىلەن قورشالغان بىر كۆلنىڭمۇ بارلىقىنى كىشىلەر ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇپ كېتىشتى.

قاپاق تېرەك كېسىلدى،
جۇپ سېنىڭگە هەمراھ يوق.
مېنى سەندىن ئايىردى،
داداڭ دېگەن ئەقلى يوق.[11]

تېرەكسىز هويلىغا كىرسەم،
بېشىمدىن ئايىتاپ ئۆتتى.
بويۇمدىن ئۆرگىلەي يارىم،
سېنىڭ قەدرىڭ ماڭا يەتتى.[12]

مەن ئۆمەرجان ئىمىن يازغان «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت» ناملىق كىتابتىن مۇنۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ، كۆز يېشىمنى زادىلا توختىتالمىدىم:

*«... ئۇدا ئۈچ يىل داۋاملاشقان بۇ (ئۆزگەرتىش) دولقۇنىدا هويلا ـ ئارام ئەترابىدىكى ئورمانلارغا مىتىر چىكى قويۇلۇپ، چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىرى مەجبۇرىي چېپىپ تاشلاندى. جاي يېزىسىدىكى ئورمان كېسىشكە مەسئۇل بولغان بىر رەهبەرنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، شۇ يېزىدا تۆنجى يىلىلا كېسىۋېتىلگەن چوڭ ـ كىچىك ئورمان بىر مىليون تۈپكە يەتكەن. شۇ بويىچە هېسابلىغاندا، كېرىيە ناھىيىسىدىكى 15 يېزا ـ بازار، ئىككى مەيداندا كەم دېگەندىمۇ بىر يىلدىلا 15 مىليون تۈپ ئورمان كېسىۋېتىلگەن بولىدۇ. كېيىنكى ئىككى يىلدا قانچىلىك ئورماننىڭ كېسىۋېتىلگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن... شۇ قېتىمقى ئورمان كېسىشكە قاتناشقان بەزىلەرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، هويلا ـ ئارام ئەترابىدىكى دەل ـ دەرەخلەر مەجبۇرىي كېسىلىشكە باشلىغاندا، مەھەللە ـ كەنتلەرنى ئېچىنىشلىق يىغا ـ زار قاپلاپ، ئۆي ـ ئۆيدە ئۆلۈم هازىسى قايناپ كەتكەن. بەزى ئۆيلەردىكى چوڭ ـ كىچىك ئەر ـ ئاياللار يىغلىشىپ ئۆزۈلگەن تېرەكنى قۇچاقلاپ يېتىپ: (ۋاي دادام! بۇرۇن سىزنىڭ كەتكىنىڭىزنى ئويلىمايتۇق. بۈگۈن سىزنىڭ روھىڭىز ئۆلدى، دادام! سىز تىككەن تېرەك قېنى، دادام! ماڭا ئەمدى سىزدىن ئايرىلدۇق دادام!) دەپ هازا ئاچسا، يەنە بەزى ئۆيلەرنىڭ*

*ئالدىدا ئۆي ئىگىلىرى دەرەخ كەسكۈچىلەرنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، ئۇلارنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلىشىپ تۇرۇپ: «جېنىم غوجىلىرىم، بىزدىن يانمىسا ئىگىسىدىن يانلار، مۇشۇ بىر تال تېرەكنى قويۇپ قويۇشسىلا، چوڭ دادام ساغان تېرەكتى بۇ، ئۇنىڭغا يول بېرەلمى غوجام» دېيىشىپ، ھۆڭ- ھۆڭ يىغلاشقان. يەنە بەزى خىزىر سۈپەت بوۋايلار: «جېنىم شاخچاك... بالىلىرىمىز ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولسا تالادا قالسۇن، ئازراق قالدۇرۇپ كېسەيلى، مازارغا ئەرلەر قادىغۇدەك بوسمۇ خادا ياغاچ قالسۇن» دەپ يالۋۇرسا، يەنە بىر مۇنچە ئاقباش مومايلار: «ۋاي تووۋا، ئۆلسەك بېشىمىزغا خادا بولغۇدەك ياغاچ- بادرىمۇ قالمىغۇدەك، بالىلىرىمىزغا ئۆينى نېمىدە سالامىز ئەمدى» دېيىشىپ، ياقا يىرتىپ يىغلاشقان. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا ھېچكىم قۇلاق سالمىغان.»[13]*

كۆل— تەبىئىي كۆل ۋە سۈنئىي كۆل دەپ ئايرىلىدۇ. كىچىكى «كۆلچەك» دەپ ئاتىلىدۇ. بىزنىڭ مۇلاھىزىمىزدە بولۇۋاتقىنى ئاساسلىقى سۈنئىي كۆلدىن ئىبارەت. شۇنداق بولغاندا، كۆل دېگىنىمىز پەسىل خاراكتېرلىك ئېقىن سۇنى قاچىلاپ سۇزۇلدۇرۇپ ياكى زاپاس ساقلاپ ئىچىشكە ۋە ياكى مال- چارۋىلارنى سۇغۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ ئازگالسىمان جاينى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلار ياشىغان تەبىئىي شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇپ ئۆزىگە خاس كۆل مەدەنىيىتىنىمۇ ياراتقان خەلق. ئۇ كۆپىنچە تۆت چاسا ياكى يۇملاق شەكىلدە، ئوخشىمىغان چوڭلۇقتا، ئۈچ- تۆت مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بولىدۇ. مەخسۇس ئېرىق ئارقىلىق سۇ باشلىنىدۇ. بىر تەرىپىدە چۈشۈرگۈسى بولىدۇ. ئۇ، سۇنى يىغلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. نوگاي بىلەن ياكى بىۋاسىتە چېلەك- سوغا بىلەن سۇ ئېلىش قولاي بولسۇن ئۈچۈن مەلۇم بىر تەرىپى پەشتاقسىمان يانتۇلۇقتا بولىدۇ ۋەياكى تاختاي بىلەن دەسسەش سۇپىسى ياسىلىدۇ. ئەتراپىغا تېرەك ياكى سۆگەتلەر تىكىلىدۇ. بەزىدە سوقما تام بىلەن قورشىلىدۇ. كۆللەر قەرەللىك ھالدا چېپىلىپ، تازىلىنىپ تۇرىدۇ. كۆل بويىدىكى تېرەك- سۆگەتلەر ھەددىدىن زىيادە يوغىناپ كەتسىمۇ كېسىۋېتىلمەيدۇ. ئۇلار كۆلگە سايە تاشلاپ، كۆل سۈيىنى سوغۇق ساقلاش بىلەن بىرگە، ئاپتاپتا ئىسسىپ، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. تېرەك ياكى سۆگەتنىڭ كۆل ئەتراپىدىكى يەر قاتلىمىنى چىرماپ تۇرغان چىدەر- يىلتىزى ۋە كۆل يۈزىگە مەلۇم نىسبەتتە چۈشۈپ تۇرغان غازاڭلىرىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە كۆل سۈيىنىڭ سۈپىتىنى ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ. كۆل سۈيىنى كىشىلەر ئىستېمال قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ تازىلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان بىر يۈرۈش ئادەت- يوسۇن مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، كۆل سۈيىدە بىۋاسىتە مال سۇغۇرۇش، پىششىق، كۆل ئەتراپىدا كىر- قات يۇيۇش، كۆلگە قالايمىقان نەرسە تاشلاش، تۈكۈرۈش، كۆلگە يېقىن جايغا ھاجەتخانا، يالاق ياكى سۇپۇرۇندىلىك سېلىش يامان ئېلىنىدۇ. كۆل سۈيىنىڭ رەڭگى سەل ئۆزگىرىپ، يات پۇراق كىرگەن ھامان سۇ يەڭگۈشلىنىدۇ، يەنى ئۇنىڭغا يېڭى سۇ باشلىنىپ، ئايىقى چىقىرىلىدۇ. كۈز پەسلى كۆپلەپ غازاڭ تۆكۈلسە، غازاڭلار سۈزۈپ ئېلىۋېتىلىدۇ. تۇنجى قېتىم سۇ باشلاشتىن ئاۋۋال كۆللەر بىر قېتىم چېپىلىدۇ، ھېچبولمىسا چۆرىسىدىكى لەش پەيدا قىلغۇچى ئۆسۈملۈكلەر ئادالىنىپ، تېگىدىكى ئەخلەت- چاۋارلار تازىلىنىدۇ.

كۆل بۇرۇن ئېقىن سۇنى سۈزۈلدۈرۈپ ئىشلىتىش، سۇنى زاپاس ساقلاپ ئېرىق- ئۆستەڭلەرگە سۇ كەلمىگەندە، ھەتتا قىش پەسىللىرىدىمۇ كىشىلەرنىڭ ۋە ھايۋانلارنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قامداش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىغان.

*بىزنىڭ باغدا كۆلچەكتە*
*مۇز توڭلايتتۇ ئېرىنكەتەك.*
*قاچانغىچە يۈرىمىز*
*كاككۇك بىلەن زەيىنپەتەك.*

مانا بۇ، خەلقىمىزنىڭ ۋىسال تېپىش ئۈمىدى ۋە تەقەززالىقى قىشتىكى كۆلچەك مەنزىرىسىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ ناھايىتى چىرايلىق ئوبرازلاشتۇرۇلغان بىر قوشاق. بىز ئۇنىڭدىن يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي ئەتراپىنى باغۋارانلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى ئەنئەنىسى، باغلىرىغا كۆلچەكلەرنى كولاپ، چەكلىك ھەم پەسىل خاراكتېرلىك سۇ مەنبەلىرىدىن ئۈزۈن مۇددەت ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئادىتىنى بىلىپ

www.uyghurkitap.com

يېتەلەيمىز.

بۇرۇن ھەرقانداق بىر كوچۇم مەھەللىدە ياكى يېزا ئاھالىسى زىچراق ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئەتراپىتكىلەر ئورتاق پايدىلىنىدىغان چوڭ كۆللەر بولغاندىن تاشقىرى، قورۇ ـ جايلىرى چوڭراق بولغان ئائىلىلەرنىڭ ئىشىكلىرى ئالدىدا، باغلىرى ياكى ھويلىلىرىدا ئايرىم كۆللىرى ياكى كۆلچەكلىرى بولغان. بۇ ھال تۆۋەندىكى مۇھەببەت قوشاقلىرىدا تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلەنگەن:

باغدىكى بولجا تېرەكنىڭ
سايىسى كۆلگە چۈشەر.
بىزنى كۈيدۈرگەن خېنىمنىڭ
ھاجىتى كىمگە چۈشەر.[14]

كۆل بويىدا ئۆيىڭىز،
ئۆي تۆۋىدە ئۈجمىڭىز.
ئۈمۈرلۈك يار دەپ قويۇپ،
تاشلىۋەتكەن ئۆزىڭىز.[15]

قۇدۇق ياكى تۇرۇبىلاشقان يەر ئاستى سۈيى ئومۇملاشماستا چوڭ شەھەرلەر ۋە بازار ـ رەستىلەردىمۇ كۆل بولغان.

بازار كۆلىنىڭ بويىدا
قاتار تۈرغان تېرەكلەر.
شۇ مېھرىبان يارىمغا
بىر قانمىغان يۈرەكلەر.[16]

كاككۇك كاككۇك ئېتەدۇر،
ئېگىز تېرەك باشىدا.
يارىم شەرەت قىلادۇر،
ئۆردىنىڭ كۆل باشىدا.[17]

ئۇ چاغلاردا سۇ مەنبەئى بۇلغىنىشتىن خالىي، كىشىلەر تازىلىق ئەنئەنىلىرىگە ئاڭلىق ئەمەل قىلىدىغان بولغاچقا، كۆل سۈيىنى بىۋاسىتە ئىستېمال قىلغىلى بولاتتى. بولۇپمۇ مەيلى يېزا ياكى شەھەر بولسۇن، مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرنىڭ ھويلىسىدا كۆل ياكى كۆلچەكلەر كەم بولمىغان. مەسچىت، مەسچىت ھويلىسىدا باراقسان ئۆسكەن چوڭ قاپاق تېرەك، يېنىدا سۈيى يىلبويى قۇرىمايدىغان كۆل، كۆل بويىدا ئاسمانغا تاقاشقان قاتار تېرەكلەر. مانا بۇلار شۇنداق تەبىئىي ھالدا بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلغانكى، بۇ، ئۆزلىرىنى تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى دەپ تونۇغان مۇسۇلمان ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ نەزىرىدە ھەتتا ۋەتەن ئۇقۇمىغا باراۋەر ئىدى. بۇ ھالەتنى ئۇلارنىڭ پاسىلسىز ۋەتىنىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى دېيىشكىمۇ بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا سۇ ھاياتلىقتىن، تېرەك ئۇلۇغۋارلىقتىن، مەسچىت ئىمان ـ ئېتىقادتىن دېرەك بېرەتتى. ئۇلارنى بىر مەركەزگە تارتىپ تۇرىدىغان سىرلىق كۈچنىڭ بېشى ھەم ئاخىرىمۇ شۇ ئىدى.

قاياغ تېرەك ئالدىدا
ھويلاڭ بارمىدى يارىم.
سۇغا چىقسام مارايسەن،
كۆڭلۈك بارمىدى يارىم.[18]

بۇ ئاددىي قوشاق بولغىنى بىلەن، ئۇنى شېئىرىي سەنئەت، ئىماگ، شۇنداقلا مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلساق يۇقىرىقى پىكىرلەرنى ئىسپاتلاشقا يېتىپ ئاشىدۇ.

كۆل ۋە كۆلنى ئۇلۇغلاش ئادىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ۋە ئېكولوگىيە ئېڭىدا خېلى سالماق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ تەقدىرى قەدىمدە ئۇلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان زېمىنلاردىكى تەبىئىي كۆللەر بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. مەسىلەن، بايقال كۆلى، بالقاش كۆلى، زايسان كۆلى، ئىسسىقكۆل، لوپنۇر كۆلى، باغراش كۆلى، سايرام كۆلى، بوغدا كۆلى... قاتارلىقلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاۋۇپ كۆپىيىشىدە، قۇدرەت تېپىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ شان ـ شۆھرەتلىك تارىخى، قان ـ ياشلىق سەرگۈزەشتىلىرى ئاشۇ كۆللەرنىڭ نامى ۋە تەقدىرى بىلەن باغلانغان. كۆل قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ سۇنى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسى بىلەن قوشۇلۇپ مۇقەددەس تۈس ئالغان. ئوغۇزخان كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دەرەخ كاۋىكىدىن چىققان پەرىزاتتىن بولغان ئۈچ ئوغلىنىڭ بىرىگە كۆل دەپ ئىسىم قويىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقىغا تۇنجى خان قىلىپ تىكلەنگەن كىشىنىڭ ئىسمى كۆل ئەركىن دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا كۆلگە

ئالاقىدار موتىفلار كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇ مۇنداق بىرقانچە خىل شەكىلدە كۆرۈلىدۇ: بىرىنچى، كەپتەر سىياقىدا ئۇچۇپ كەلگەن پەرىزات قىز بىر كۆلگە يۇيۇنغىلى كىلىدۇ. باش قەھرىمان خىزىرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە پەرىزات قىزنىڭ كىيىمىنى يوشۇرۇپ قويىدۇ. شەرم- هايا ۋە گۆزەللىك تىمسالى بولغان پەرىزات قىز كىيىمىنى قايتۇرۇۋېلىش شەرتى بىلەن يىگىتنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ هالال جۈپتىگە ئايلىنىدۇ.[19] ئىككىنچى، باش قەھرىمان خىسلەتلىك كۆلنىڭ (بەزى چۆچەكلەردە كۆل بۆرىنىڭ سىيماسى) سۈيىنى ئىچىپ قويۇپ شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ياكى كېيىككە ئايلىنىپ قالىدۇ. يەنە شۇ كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچىپ ئەسلىگە قايتىدۇ.[20] ئۈچىنچى، باش قەھرىمان كۆلنىڭ ئاستىدىكى سۇ ئاستى شەھەرلىرىدە ياكى تىلسىملىق سارايلاردا ھەرىكەت قىلىپ، ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ.[21] كۆل بېيىت- قوشاقلىرىمىزدا ئەقىدىلىك، سىمۋوللۇق ھەم مۇقەددەس نەرسىلەر بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىنىدۇ.

كۆل بېشىغا سۇغا چىقتىم،
تۇمارنى ئېپسىپ.
ئەجەب خۇشخۇي ئولتۇرۇپلا،
كىتابنى ئېچىپ.[22]

قولياغلىقىم كۆلگە چۈشتى،
بۇلبۇل كۆتۈرۈپ ئۇچتى.
سېرىن كۆيسەڭمۇ، كۆيمىسەڭمۇ،
مېنىڭ كۆڭلۈم ساڭا چۈشتى.[23]

كۆرۈشكە بولىدۇكى، فولكلور مىراسلىرىمىزدا كۆل ئەنە شۇنداق سىرلىق ھەم سىمۋوللۇق تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كۆل سۆزى بىلەن ياسالغان يەر- جاي ناملىرىمۇ يۇرتىمىز شىنجاڭدىن كۆپلەپ تېپىلىدۇ. مەسىلەن، قاراكۆل، داۋاكۆل، بوستانكۆل، ئايكۆل، غازكۆل، غوجامكۆل، چوڭكۆل، شەربەتكۆل، ئاناكۆل... دېگەندەك. كۆلنىڭ خەلقىمىزنىڭ ھاياتى ۋە ياشاش ئېكولوگىيىسىنى تەمىن ئېتىشتە ئوينىغان رولى ئۇنى بىر خىل ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. كوللېكتىپ ئاڭدىكى بۇ خىل ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت كىشىلەرنىڭ تىل ئىستېمالىدا، فولكلور مىراسلىرىدا، سەنئەت ئەسەرلىرىدە سىمۋوللۇق ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ مەنىدىن سۇنى روھنىڭ، كۆلنى مەنىۋىيەتنىڭ سىمۋولى دېيىشكە بولىدۇ.

ئېرىقتىكى لاي سۇنى
كۆلگە باشلىماق يارىم.
ئەقىل- هوشىڭىز بولسا،
بىزنى تاشلىماق يارىم.

كۆلگە سۇنى باشلىسام،
كۆلمۇ لاي، كۆلچىكمۇ لاي.
يارىم خاپا بولۇپتۇ،
كۆڭلىنى قانداق ئالاي؟![24]

بۇ قوشاقتا كۆلنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ناھايىتى روشەن. ئۇ، ۋاپانى، ساداقەتنى، ئەقىدىنى ماكان قىلمىش پاكىز قەلبكە، ئىنسان روھىغا سىمۋول قىلىنغان. لاي سۇنى كۆلگە باشلىماسلىق روھنى بۇلغىماسلىقنى، يەنى نادانلىق قىلىپ مۇھەببەتكە ئاسىيلىق قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ.

بىراق ئەمدىچۇ؟ كۆللەر بىر بەلگە سۈپىتىدە ئۇيەر- بۇيەردە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرسىمۇ، كۆپ قىسمى «قۇرتلاپ» كەتتى، قۇرۇپ كەتتى ياكى يوقالدى. ئادەملەر ئۆزلىرى پەيدا قىلغان گۇناھلارنى كۆللەرگە دۆڭگەپ، ئۇلارنى مەينەتلىك، قالاقلىق، كېسەللىك ۋە مىكروب تارقىتىشتا ئەيىبلەپ سوتقا تارتىشتى. ھەتتا كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغان جىنايى پاكىتلىرىنى ئەسەر قىلىپ يېزىپ، نامراتلىقنىڭ، قالاقلىقنىڭ بەلگىسى قىلىۋېلىشتى. مەن ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا بۇ شەھەر (قەشقەر)دە بىر چوڭ كۆل بار ئىدى. شەھەرنىڭ بىر كوچىسىمۇ شۇ كۆلنىڭ نامى بىلەن ئاتىلاتتى. ئۇ كۆل ئۇزاق مەزگىل سۈسىز تاشلىنىپ، ئاخىرى شاھ-ماتچى، قارتىچىلارنىڭ تاۋكا تۈزىدىغان ئۇۋىسىغا ئايلاندى. ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ھويلىسىغا كولانغان ئىككى كۆلچەك ئۆزىنىڭ ئېقىن سۇ مەنبەسىدىن ئايرىلىپ، ئانچە- مۇنچە تۇرۇبا سۈيى بىلەن تولدۇرۇلۇپ قويۇلىدىغان بولدى. بۇرۇن

www.uyghurkitap.com

ئىنىستىتۇتىمىزنىڭ غەرب تەرىپىدە ئىككى قېشى تېرەكلىك ۋە سۆگەتلىك دەرياغا ياندىشىقان بىر قانچە كۆل بولىدىغان. بۇ كۆللەرنىڭ سۈيى ئەتراپىدىكى بۇلاقلاردىن لىقلىنىپ ۋە پاكىزلىنىپ قىش- ياز زۇمرەتتەك تۇراتتى. مەن بۇ كۆللەرنى ئايلىنىپ خىيال سۈرەتتىم، ئۈگىنىش قىلاتتىم، شائىرانە تۇيغۇغا چۆمەتتىم. ھازىر بۇ كۆللەرنىڭ ئورنىنى قاۋاقخانا، تورخانىلار ئىگىلىدى. دەريا بويىدىكى قاتار- قاتار تېرەك ۋە سۆگەتتىن ئەسەرمۇ قالمىغان. دېمەك، ئانچە- مۇنچە ئۆرنەك سۈپىتىدە قوغدىلىپ تۇرۇۋاتقانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەقىقىي كۆل ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ناخشا- قوشاقلار، ھېكايە- چۆچەكلەر ۋە چوڭلارنىڭ خاتىرىسىدىلا ساقلىنىپ قالدى.

مېنىڭچە، يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ پوۋېستى «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ئۆزىدە ئاجايىپ چوڭقۇر بىر سىمۋوللۇق مەنىنى يوشۇرغان. قارىماققا ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى سۇ مەسىلىسى ۋە شۇنى چۆرىدەپ قانات يايغان كونىلىق بىلەن يېڭىلىق ئوتتۇرىسىدىكى، پەن بىلەن خۇراپات ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت- كۈرەشلەر تەسۋىرلەنگەن ئەسەردەك قىلىسمۇ، مەن ئۇ كۆلنى مىللىي ئاڭ ۋە مەدەنىيەتنىڭ سىمۋولى دەپ چۈشىنىمەن. ئۇنىڭدىكى قۇرتلاپ كەتكەن سۇ دەل مەنىۋىيەت بۇلغىنىشى ۋە ئېكولوگىيە بۇزۇلۇشىغا ئىشارە قىلىنغان. ئۇنىڭدىكى ئاتالمىش قۇرتلارنى ئېتىقادتىكى، ئاڭدىكى بۇلغىنىشلار كەلتۈرۈپ چىقارغان سەلبىي ھادىسىلەر دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا، روھىيەتتىكى تراگېدىيىلىك ھالەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان نۇسرەت پاجىئەسىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبكارى نادانلىق ۋە خۇراپات تۈسىدە ئىپادىلەنگەن مەنىۋى ئاينىش ۋە بۇلغىنىش، تېگى- تەكتىدىن ئېيتقاندا، مۇشۇنىڭغا يول ئاچقان، ھامىيلىق قىلغان جەمئىيەت كۈچلىرىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆل مەدەنىيىتى خۇددى «ئاخىرقى كۆل» فىلىمدە كۆرسىتىلگەندەك، گەرچە سۇ ئىستېمال قىلىشتىكى ئىپتىدائىي، قالاق ئۇسۇل قاتارىدا، شۇنداقلا سۇ مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىش جەھەتتىكى زامانىۋىلىشىش نەتىجىسىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، قېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ بىر خىل ئېتىقاد، مەدەنىيەت سۈپىتىدە مىللىي ئاڭدا قالدۇرغان ئىزناسى خېلى چوڭقۇر. ئۇنى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلساق، ئۇنى مۇمكىنقەدەر ساقلاپ قېلىش ۋە قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىمىز. چۈنكى ئۇ تېرەك (ئۆسۈملۈك) بىلەن قوشۇلۇپ خەلقىمىزنىڭ ياشاش مۇھىتىنى بىر خىل ئادەمىيەت ئېكولوگىيىسى دەرىجىسىدە مۇكەممەل قۇرۇپ چىققانلىقىدەك بىر ئەمەلىيەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ ئۆز شارائىتىغا ماسلاشقان ئىلمىي ۋە ئىلغار ياشاش مۇھىتى بەرپا قىلىش جەھەتتىكى ئەقىل- پاراستى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. ھېچبولمىسا، ئۇنىڭ ھازىرمۇ ھەزرەتتىكى «شەربەت كۆل»، «چوڭ كۆل»لەرگە ئوخشاش ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرۇشى، كۆل مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۆرپ- ئادەت ۋە مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكىمىزدە تۇتقان ئورنىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. يەنى، ئۇنىڭ بىر خىل غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى سۈپىتىدە قوغداش قىممىتىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ. دىيارىمىزدا سۇ ئىستېمال قىلىشتا زۆرۈر بولمىسىمۇ، ھازىرغىچە ساقلاپ قېلىنغان كۆل- كۆلچەكلەر ئېھتىمال ئەنە شۇنداق بىر ئاڭنىڭ تۈرتكىسىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك.

ئۇيغۇرلاردىكى تېرەك ۋە كۆل مەدەنىيىتىنى تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىيلىقنىڭ بىردەكلىكى نۇقتىسىدىن، دىنىي ئېتىقاد ۋە ئەخلاقتىن، يەنى مەنىۋىيەتتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭ- ماس ھالدىكى مەۋجۇدلۇق ۋە بىردەكلىكنى تەمىن ئەتكۈچى نېگىزلىك ئامىل يەنىلا ئېتىقاد ۋە ئەخلاقتىن ئىبارەت. چۈنكى ئۇلارنىڭ تايىنىشچان مۇناسىۋىتى ئادەملەرنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش- قىلماسلىقىغا باغلىق. بۇ مەسئۇلىيەتنى تونۇتىدىغان، ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان مەنىۋى كۈچ توغرا ئېتىقاد ۋە پاكىز ئەخلاقتىن كېلىدۇ. تېرەكلەرنىڭ كېسىلىشى، قۇرۇشى، كۆلنىڭ قۇرتلاپ كېتىشى، يوقىلىشى ئۆزلىكىدىن بولغان ئەمەس، ئۇنىڭغا ئادەملەرنىڭ ئۆزى

سەۋەبچى. يەنى ئادەملەرنىڭ ئېتىقاد جەھەتتىكى ئاپىنىشى، ئەخلاق جەھەتتىكى چىركىنلىكى ئۇلارنىڭ ئاچ كۆزلۈكى، ئېكولوگىيىنىڭ بوزۇلۇشى، سۇ مەنبەلىرىنىڭ بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

تارىختا ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇزۇن يىللار مەسچىت ۋە مازارنى ئاساسلىق ئىبادەت ۋە مەشغۇلات سورۇنى قىلىپ كەلگەن. ئىسلامنىڭ ئاساسلىق روھى ئىلىم- ھېكمەتكە دەۋەت قىلىش، ئاللاھ ئاپرىدە قىلغان كائىنات سىرلىرىنى بىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى تەستىقلاش بولغاچقا، مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىز مەسچىت، مازارلارنىڭ يېنىغا مەدرىسەلەرنى بىنا قىلىپ، ئۇ يەرلەرنى ئىسلام مەرىپىتىنىڭ، دىنىي مائارىپنىڭمۇ مەركىزىگە ئايلاندۇرغان. شۇڭا بىلەن مەسچىت بىلەن چوڭ مازارلار ئۆز نۆۋىتىدە ئەھلى دىن ۋە ئەھلى ئىلملەرنىڭ ئىستىقامەت، تاۋاپ ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان مەركىزىگە ئايلانغان. ھەتتا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ سەيلە- ساياھەت، كۆڭۈل ئېچىش، سودا- سېتىق ئىشلىرىمۇ ئاشۇنداق جايلارغا مەركەزلەشكەن. شۇڭا بىلەن مازارلارنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتى بۇ يەرلەرگە كېلىدىغان جامائەتنىڭ، مۇساپىر- زىيارەتچىلەرنىڭ ۋە باشقا تەلەپ ئىگىلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇلغان ھالدا بەرپا قىلىنغان. نەتىجىدە، مەسچىت ھويلىسى ياكى يېنىغا كۆللەرنى كولاپ، ئەتراپىغا تېرەكلەرنى تىكىپ، (ئادەتتە مەسچىتنىڭ ئۈستى ئوچۇق قىسمىغا تولۇق سايە چۈشۈپ تۇرىدىغان قىلىش ئۈچۈن كۆپىنچە ھەم ئېگىز ھەم ئەتراپقا شاخلاپ ئۆسىدىغان قاپاق تېرەكتىن بىر ياكى بىرنەچچىسى تىكىلىدۇ) باغ ئەھيا قىلىپ، تۈنەكخانىلارنى سېلىپ، داش قازانلارنى ئېسىپ، شۇ ئارقىلىق مۇقەددەسلىككە مۇناسىپ ھالدا مەسچىت ئەتراپىنىڭ مۇھىتىنى پاكىز، باغۇ- بوستانلىق، ھاۋالىق قىلىش ئادىتى شەكىللەنگەن. قەشقەر بەشكېرەمنىڭ بەشتوغراق دەپ ئاتىلىدىغان مەھەللىسىدە بۇۋىمەرىيەم خېنىم دەپ ئاتىلىدىغان بىر مازار بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى ئىكەن. ئۇ ئەينى چاغدا قارا خانلار بىلەن خوتەن بۇددىستلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭدە شېھىت بولغان. كېيىنچە كىشىلەر ئۇنى ئۇلۇغلاپ، ئۇ يەرنى كاتتا تاۋاپگاھقا ئايلاندۇرغان. بۇ مازارنىڭ ئەسلىي ھالىتى ماتېرىياللاردا مۇنداق قەيت قىلىنىدۇ: «بۇ مازار 1950- يىللاردىن بۇرۇن ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئىدى. بەش دەرۋازىدىن كىرىپ ئاندىن مازارغا يەتكىلى بولاتتى. بىرىنچى دەرۋازا ئالدىدا شەربەت كۆل جايلاشقان. دەرۋازىدىن كىرگەندە ئىككى تەرىپىدە ئاق ساراي، مەدرىسە ۋە باشقا تۆت ئېغىز ھۇجرا بار ئىدى. بىرىنچى دەرۋازىدىن ئىككىنچى دەرۋازىغا بارغۇچە ئىككى تەرىپى كۈنگىرىلىك، 1.80 مېتىر ئېگىزلىكتە، 150 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا كارىدور بار بولۇپ، بۇ كارىدور ئارقىلىق بۇۋىمەرىيەم مەقبەرىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باغلارغا بارغىلى بولاتتى. ئازادلىقتىن بۇرۇن بۇ مازارنىڭ 300 مو ئەتراپىدا ۋەخپىسى بولغان.»[25] خوتەننىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىغا ياندىشىدىغان يېزا- كەنتلىرىدە، بىر- بىرىدىن چۆل- سايلىقلار بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان كىچىك بوستانلىق مەھەللىلەردە بۇ خىل مەنزىرىلەرنى كۆپلەپ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. ئۇلار گويا بىر تىلسىماتقا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن بىر خىل خىسلەت- خاسىيەت ئالامىتى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ھەتتا كىشىلەر «قوۋزىقى چىش ئاغرىقىغا شىپا قىلىدۇ»، «سۈيى تۇغماسلىقنى داۋالايدۇ» دېگەندەك ئەقىدىلىك قاراشلار ئارقىلىق بۇنداق ئۇلۇغ مازارلاردىكى كۆل ۋە تېرەكلەرنى سىرلىقلاشتۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر ئوبرازىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان تېرەك، مىللەت روھىغا سىمۋول بولغان كۆل، ھىدايەت نۇرى، نىجاتلىق ئۈمىدى بولمىش ئېتىقادنىڭ بەلگىسى بولغان مەسچىت- ئىبادەتخانىلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ، ئۇيغۇرغا خاس ئادەمىيەت ئېكولوگىيىسىنىڭ كىچىكلىتىلگەن مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلغان. بۇنى ئەسلىدىنلا چۆلدە پەيدا بولۇپ، چۆلدە يىلتىز تارتقان قورغاق بىر دىنىنىڭ ئۇيغۇر مۇھىتىغا ئۆزلىشىپ، ئەسلىدىكى ھارارىتى ۋە قورغاقلىقىنى شۇ ئارقىلىق ھۆلدەپ ۋە سالقىندىتىپ، ئېخىمۇ سىرلىق ۋە يېڭىچە ھاياتىي كۈچ بىلەن ئۆزىنى تولۇقلىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

سۇ، ئۆسۈملۈك هاياتلىقنى تەمىن ئەتكۈچى ئاساسلىق مەنبە. ئۇنىڭ كۈچى ۋە رولىنىڭ ئاگدىكى سىرلىقلاشقان، يۈكسەكلەشكەن، مۇقەددەسلەشكەن ئىپادىسى بولسا ئىپتىدائىي ئانىمىزم ۋە توتېمىزملىق چۈشەنچىلەردىن ئىبارەت. بۇنداق ئىپتىدائىي چۈشەنچىلەر ۋە ئېشەنچىلەرنىڭ سىنىپىي جەمئىيەتتىكى مەركەزلەشكەن، مەسلەكلەشكەن، نەزەرىيىلەشكەن، سىستېمىلاشقان، جەمئىيەتلەشكەن، تۈزۈملەشكەن، قېلىپلاشقان ئىپادىلىنىش شەكلى بولسا دىننى تەشكىل قىلىدۇ. دىن بىر خىل بىلىش شەكلى، يەنى ئاڭ فورمىسى سۈپىتىدە ئىنساننىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشىنى، تاشقى دۇنيا بىلەن ئىچكى ئالەمنى، رېئاللىق بىلەن ئاڭنى بىر ـ بىرىگە باغلايدۇ، قېلىپقا سالىدۇ، ئىنسان بىلەن تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

تەبىئەت بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان بىرلىك مەۋجۇد. بۇ خىل بىرلىك ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى، يەنى هاياتلىق ئېكولوگىيىسىنى هاسىل قىلىدۇ. بۇ ،ئېتىقاد، مەدەنىيەت، ئەخلاق ۋاستىسى بىلەن مۇستەهكەملىنىدۇ، داۋام ئېتىدۇ. مۇشۇ بىرلىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئېتىقادنى ۋاستە قىلىپ تەبىئەت بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا شۇنداق بىر ئەهدى(قانۇن) تۈزۈلگەنكى، ئۇ بولسىمۇ ئىناقلىق، هەمدەملىك، ماسلىق ۋە تايىنىشتىن ئىبارەت. بۇ ئەهدىگە ئاۋۋال ئادەملەر خىلاپلىق قىلدى. قازاسى توپان بالاسى بولۇپ كەلدى. دەرەختىن ياسالغان كېمە سۇنىڭ لەيلىتىشى بىلەن ئىنسان ئەۋلادىنى قۇتقۇزدى. ئىنسان ئەۋلادى ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ، يەنە ئېتىقاد ۋە ئەخلاقنىڭ كۈچى بىلەن مۇقەددەس ئەهدىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئىزدەندى، تىرىشتى. ئەمما، هېرىس (شەيتان) غالىب كەلدى، يەنە ئۇنتۇدى. دېمەك، تېرەك بىلەن كۆل ۋە ئۇلار دۇچ كەلگەن قىسمەتلەر يۇقىرىقى جەرياننىڭ كىچىكلىتىلگەن بېشارەتلىك كۆرۈنۈشىدۇر. مېنىڭ نەزىرىمدە تېرەك(ئۆسۈملۈك، جانلىق) ئىنسان بىلەن بىرلىك هاسىل قىلغۇچى تەبىئەت، كۆل(سۇ) ئىنسان روهى، يەنى مەنىۋىيەت، ئېتىقاد، ئەخلاق بولسا ئۇلارنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغۇچى، روھ ـ جان ۋە گۈزەللىك ئاتا قىلغۇچى رىشتە. مۇشۇ مەنىدىن، تېرەكنىڭ كېسىلىش، يوقىلىش قىسمىتى بىلەن كۆلنىڭ بۇلغىنىش ۋە قۇرۇپ كېتىش قىسمىتىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ خىرىسى هېسابلانغان ئېكولوگىيە ۋە ئادەمىيەت كرىزىسىنى ئېچىپ بېرىدىغان مۇهىم بەلگىلەر دېسەك خاتا بولمايدۇ.

تېرەك، كۆل، مەنىۋىيەت، بۇلار پاكلىقتا، مەۋجۇدلۇقتا بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ. تېرەك كۆلنى پاكىزلايدۇ، كۆل مەنىۋىيەتنى، مەنىۋىيەت بولسا روهنى، روھ بولسا ئىنساننى. ئەپسۇس، تېرەكلەر كېسىلىپ ئاز قالدى، كۆللەر قۇرتلاپ كەتتى، قۇرىدى. مەنىۋىيەت قىزىماقتا، قۇرغاقلاشماقتا، ئۇ ئۆزىنى نېمە بىلەن سالقىندىتار؟ نېمە بىلەن هۆلدەر؟! مەن هەر قېتىم مەدەنىيەت ۋە روهىيەت ئېكولوگىيىمىزدىكى بۇ تەڭپۇڭسىزلىقنى چوڭقۇرلاپ ئويلىغانسېرى ۋۇجۇدۇمنى دەهشەتلىك بىر تۇيغۇ چۇلغىۋالىدۇ.

خورازلارنىڭ چىللىغان ئاۋازلىرى بېسىقتى. مەسچىت تەرەپتىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۆي ـ ئۆيدىن چىققان سەلىلىك، تۇماقلىق، دوپپىلىق، مەيسە ـ كالاچلىق كىشىلەر دوقمۇشتىكى يوغان ئىككى تۈپ قاپاق تېرەك تۈۋىدە ئۇچراشتى. «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئوبدان تۇرۇپلىمۇ؟» دەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئىككى ـ ئۈچتىن، ئۈچ ـ تۆتتىن بولۇپ مەسچىتكە قاراپ مېڭىشتى. قىز ـ چوكانلار ئۆي ئىچى ۋە هويلا ـ ئاراملارنى يىغىشتۇرۇپ، ئىشىك ئالدىنى، باراڭ ئاستىنى، تاكى دەرۋازىدىن چوڭ يولغىچە بولغان ئارىلىقنى، كۆۋرۈك ۋە چوڭ يولنى قوشۇپ سىرىپ ـ سۈپۈرۈپ، ئۆي ئالدىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭدىن سۇ ئېلىپ چېچىشتى. ئاندىن هويلىنىڭ يان ئىشىكىدىن باغقا كىردى. مېۋىلىك دەرەخلەر ئارىسىدىن شۇڭغۇپ ئۆتتى. كۆكتاتلىقتىن بىر باغلام ئوسما يۇلۇپ ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشتى. بىردەمدىن كېيىن ئاسمان سۇزۇلدى، شەرق تەرەپ ئۇپۇق قىزىرىشقا باشلىدى.

جامائەت مەسچىت يېنىدىكى ئەتراپى ئېگىز تېرەكلەر بىلەن قاشالانغان كۆل بويىدا توختاپ، مەلۇم بىر ئىش ئۈستىدە كېڭەشتى. ئىمامنىڭ باشچىلىقىدا بىر سىنىڭكىگە نەزىرگە مېڭىشتى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى بىر نەچچە رەت قىلىپ تىكىلگەن ئاق تېرەكلەر ئاسمانغا بوي تارتىپ، يۇقىرى قىسمى ئۆزئارا تۇتىشىپ، گويا ئۇزاقلارغا سوزۇلغان يېشىل كارىدورنى ھاسىل قىلغانىدى. ئۆي ئالدىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭنىڭ سۈزۈك سۈيى كىچىك قوغاچلار بىلەن ئۆي ئالدىدىكى قىرىملارغا چۈشۈپ، ئاندىن ئېچىقلار ئارقىلىق تېرەك بىلەن قاشالانغان كۆلچەككە، يۇلغۇن شاخلىرى بىلەن چىتلانغان گۈللۈككە، كۈنگىرىلەنگەن تالباراڭلىق ھويلىغا ھەمدە ئارقىدىكى باغ ۋە كۆكتاتلىققا قەدەر ئېقىپ باراتتى. ئۆي ئەتراپىنى باغ ۋە كۆكتاتلىق ئېتىزلار بىلەن قوشۇپ دائىرىلەپ تىكىلگەن سەگۈ تېرەكلەر قورشاپ تۇراتتى. يول بويى ۋە ئېتىز قىرلىرىدا ئارىلاپ-ئارىلاپ سۆگەت ۋە ئۈجمە دەرەخلىرىمۇ كۆزگە تاشلىناتتى. تېرەكلەردە، ئۈجمىلەردە، باغدىكى مېۋىلىك دەرەخلەردە، چۆپلۈكلەردە، تالباراڭلار ئارىسىدا، ئايۋان- تورۇسلاردا قۇشقاچلار چاۋۇلداپ، قارلىغاچلار ۋىچىرلاپ، پاقىلار كۇرۇلداپ، چېكەتكىلەر چىرىلداپ ھارمايتتى. يىراقتىن كاككۇك ئۈنى ئاڭلىناتتى. ھويلا تېمىغا ياندىپ سېلىنغان توخۇ ۋە ئۆردەك كاتەكلىرىدە غاز- ئۆردەكلەرنىڭ غاقىلدىغان ئاۋازى بېسىقمايتتى. ئۆگزىدىكى كۈۋۈك ۋە پەغەزلەردە كەپتەرلەر بۇقۇلدىشىپ نەغمە قىلىشاتتى. باغنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ياسالغان ئېغىلدا قوي پادىسى مەرىشىپ، ئوتلاققا ئالدىراپ تېپىرلىشاتتى. ئېغىلغا چاپلاپ ئايرىم- ئايرىم قىلىپ سېلىنغان قوتانلاردا يىراق سەپەرگە ئاتلىنىشنى، ھارۋىغا ۋە قوشقا قېتىلىشنى كۈتۈپ ئات، ئېشەك، كالا قاتارلىق ئۇلاغلار تەييار تۇراتتى. كۈن چىقتى. قۇياش نۇرى تېرەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدا، مەسچىتنىڭ ھىلال ئايلىق مۇنارلىرىدا، كۆك كاھىشلىق قۇببىلىرىدا، باغدىكى شەبنەم تەپچىپ تۇرغان ئۆرۈك، ئەنجۈر، توغاچ قاتارلىق مېۋىلەردە، يېشىل ئوت- چۆپلەردە، ئېرىق ۋە كۆلچەكتىكى سۇ يۈزىدە چاقناپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. بىر ئوغۇل بالا قويلارنى ھەيدەپ دەريا بويىدىكى شىۋاقلىققا باققىلى ئېلىپ ماڭدى. چېچىنى ئۆششاق ئۆرگەن، بېشىغا مارجان دوپپا، ئۈستىگە ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن بىر نەچچە قىز بالا ئۆستەڭ ياقىلاپ تېرەكلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى قۇمساڭ چىغىر يول بىلەن تاقلاپ سەكرىگىنىچە مەكتەپكە ماڭدى. بېشىغا بادامدوپپا، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن، نىمچە كۆڭلەك ئۈستىدىن بەلۋاغ چەككەن بىر ئوغۇل بالا ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ، مەھەللىنىڭ چېتىدىكى قۇمۇشلۇق يول بىلەن جاڭگالغا ئوتۇنغا ماڭدى. بېشىغا شاپاق دوپپا كىيگەن، يەكتەكنىڭ بىر پېشىنى قايرىپ پوتىسىغا قىستۇرۇۋالغان يەنە بىر ئەر كىشى كالا قوشۇلغان يارىيار ھارۋىسىنى ھەيدەپ، تېرەكلىك تار يول بىلەن ئالدىنقى كۈنى ئورۇپ تەييارلاپ قويغان ئەنجىلەرنى خامانغا توشۇش ئۈچۈن ئېتىزغا كېتىپ باراتتى. مۇرىسىگە كەتمەن ئارتىپ، ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى تۈرۈۋالغان بىر يىگىت «نىساگۈل»نى غىڭشىغىنىچە ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىن، كىچىك سۇ تۇتقان قوناقلىقتىن چىقىپ كەلدى. بىر سەرۋى قامەت، سۇمبۇل چاچ قىز چېلەك، نوگاي، ئەپكەش كۆتۈرۈپ مەھەللىدىكى تارىخى يۈز يىلدىن ئاشقان، قەدىمىي تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان چوڭ كۆلگە سۇغا ماڭدى. قوڭغۇراقلىق جابدۇقلار بىلەن جابدۇلغان ئات قوشۇلغان بىر ياسداق مەپە بىر توپ قىز- چوكاننى ئېلىپ جاراڭشىغىنىچە يان تەرەپتىن چوڭ يولغا چىقتى. چوكانلارئۈستىگە ھەرخىل گۈللۈك تاۋار- دۇردۇندىن جىلىتكە ۋە ئەتلەسلەردىن ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىشكەن، باشلىرىغا رومال ۋە چۈمبەل ئارتىشقان، بەزىسى گىلەم، تەتىللا دوپپا، بەزىسى تۇماق كىيىشكەن، ھەتتا بەزىسى ئوسما قويۇشۇپ، ئەڭلىكمۇ ئېتىشىۋالغان بولۇپ، ئۇلار كۈلكە- چاقچاقلىرى بىلەن قىتىق- قايماقلىرىنى، كەشتە- چىلتەكلىرىنى ئېلىپ بۈگۈن قوشنا يېزىدا بولىدىغان چار بازارغا مېڭىشقانىدى. چوڭ دەرۋازىلىق قورۇغا يېقىن جايدا ئۈجمە چوقاتمىقىغا قاڭتۇرۇپ باغلاپ قويۇلغان بىر جەدە ئات تۇراتتى. ھويلىدىن قامچا كۆتۈرگەن، بېشىغا ئۈچلۈق تۇماق، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن، تۈگمىسىز كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدىن بەلۋاغ چېگىپ، تۈكلۈك مەيدىسىنى ئوچۇق قويغان،

www.uyghurkitap.com

بۇرۇتىنىڭ ئىككى ئۇچىنى ئۇستىگە قايرىپ ئېشىۋالغان ناھايىتى قامەتلىك بىر ئەر كىشى چىقتى. ئالدىراپ ئاتنى ئىگەرلىدى. تاسما ـ غىلاپلىق پىچىقىنى ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا قىستۇردى. ئىتىغا مىندى. مەسچىت ئالدىغا كەلگەندە كۆل بويىدىكى تېرەككە يۆلىنىپ ئولتۇرغان، ئۇستىگە مەللە تون كىيگەن، بېشىغا سەللە ئورىغان ئىمامنى كۆردى. ئىتىدىن چۈشتى. سالامدىن كېيىن ئىمامغا بىر نېمىلەرنى دېدى. ئىمام دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئىتىغا يەنە مىندى. زاراتگاھلىقنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، باغ يېنىدىكى قوغۇنلۇققا بارىدىغان ئىتىز يولىدا توپا توزۇتقىنىچە مەھەللىنىڭ ئاياق تەرىپىدىكى ساسلىققا قاراپ ماڭدى. ئەتراپى تېرەكلەر، سۆگەتلەر، ئۈجمىلەر، جىگدىلەر بىلەن قورشالغان چاسا شەكىللىك ئېتىزلاردا تاختا ـ تاختا قوناقلار، سەۋزە، قوغۇن ـ تاۋۇز، ياڭيۇ قاتارلىق زىرائەت ۋە ئۆسۈملۈكلەر بار ئىدى. ئۇ ئاۋۋال سۆگەتلىك يولدا بىردەم مېڭىپ، يەنە تېرەكلىك يولغا بۇرۇلدى، جىگدىلىكتىن ئۆتتى. ساسلىقتىن ئايلىنىپ، قومۇشلۇق چىغىر يول بىلەن بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن دەرياغا باردى. ئىتىدىن چۈشتى. ئوچۇملاپ سۇ ئىچتى.

*باردىم دەريا كېچىكلى،*
*ئولتۇردۇم سۇ ئىچىكلى.*
*مەن يارنى سېغىنغاندا،*
*قاناتىم يوقكىن ئۇچقىلى.*

يەنە ئىتىغا مىندى. دەريانى كېچىپ كۆز يەتكۈسىز يۇلغۇنلۇق دالىغا چىقتى. ئالدىدا ناھايىتى ئېگىز بىر دۆڭ كۆرۈندى. ئىتى بىلەن دۆڭگە چىقىپ بۇرۇلۇپ مەھەللە تەرەپكە قارىدى. بۇ يەردىن مەھەللىنىڭ ھەممە يېرىنى كۆرگىلى بولاتتى. چوڭ كۆل بويىدىكى ئاسمانغا تاقاشقان تېرەكلەر تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈندى. مەسچىتنىڭ ھىلال ئاي ئورنىتىلغان مۇنارى تېرەكلەردىن قالسىلا ئېگىز ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە سوزۇلغان يېشىل سىپىل ئاشۇ مەركەزدىن يىراقلاشقانچە تەدرىجىي پەسلەپ باراتتى. ئۇ گويا تەڭرىتاغ تىزمىسىغا ئوخشايتتى. ئوتتۇردىكى ئەڭ ئېگىز قىسمى بولسا خانتەڭرى چوققىسىنى ئەسلەتتى. ئوخشىمايدىغىنى، بۇ تاغ تىزمىسى يېشىل ئىدى. چوققىسىمۇ، باغرىمۇ يېشىل ئىدى. ئۇ تەڭداشسىز ئېپتىخارلىق تۇيغۇسى ئىچىدە بۇرۇتىنى تولغاپ قويۇپ، يىراقتىكى چەكسىز كەتكەن توغراقلىقنى نىشانلاپ ئىتىغا قامچا ئۇردى...

تېلېفوننىڭ ئۇشتۇمتۇت جىرىڭلىغان ئاۋازى مېنى چۆچۈتۈۋەتتى. بۇلار مېنىڭ تۇيغۇمدا، خىيال ئەينىكىمدە ئەكس ئەتكەن كۆرۈنۈش ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلاتتىم. نېمىشقىكىن، چۈشۈمدە ياكى كىچىك ۋاقتىمدا كۆرگىنىم ئېسىمدە يوق.

## نەقىل مەنبەلىرى


[1].[2] «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»، 6 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىل فېۋرال نەشرى،147 ـ ، 150 ـ بەتلەر.

[3].[4].[7].[12].[22].[23] «ئاقسۇ نەزمىلىرى»، 329 ـ ، 434 ـ ، 418 ـ ، 597 ـ ، 348 ـ بەتلەر.

[5].[6].[8].[10].[14].[15].[16].[17].[18].[24] «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار ـ 7» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىل نەشرى، 174 ـ ، 267 ـ ، 173 ـ ، 287 ـ ، 264 ـ ، 300 ـ ، 254 ـ ، 178 ـ ، 258 ـ ، 230 ـ بەتلەر.

[9] «گۇما خەلق قوشاقلىرى ۋە ماقال ـ تەمسىللىرى»، 53 ـ بەت.

[11] «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»، 7 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىل ئىيۇن نەشرى ، 113 ـ بەت.

[13] ئۆمەرجان ئىمىن: «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىل ئۆكتەبىر نەشرى، 408 ـ ، 409 ـ بەتلەر.

[19] «ھېزىم بىلەن جادۇگەر»، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» 13 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىل يانۋار نەشرى، 437 ـ بەت؛ «پەرىزات قىز»، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» 8 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل ئىيۇل نەشرى، 280 ـ بەت.

[20] «يېرىل تېشىم، يېرىل»، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ـ 1» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل سېنتەبىر نەشرى، 391 ـ بەت.

[21] «تەدبىرلىك پادىشاھ»، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ـ 1»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل سېنتەبىر نەشرى، 54 ـ بەت.

[25] راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇر مازارلىرى»، 38 ـ بەت؛ مۇھەممەتئىمىن قۇربان تۇغلۇق: «چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى مازارلار ھەققىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 2009 ـ يىل 3 ـ سان 101 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.


---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىدا لېكتور، فولكلور ماگىستىرى



## تەپەككۇر كۆزى

### تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

▲ ئادەم، بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن بويسۇنۇش، ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئوقۇش لازىم.

▲ پۇشايمانسىز ئىش قىلىشنىڭ تەدبىرى— قولنى ئىشقا سېلىشتىن ئىلگىرى مېڭىنى ئىشقا سېلىشتۇر.

▲ تەبىئەت ئۆزىگە بويسۇنغانلارغا بويسۇنىدۇ.

▲ قىزلارنىڭ قىممىتى ئىپپىتىدە، ئوغۇللارنىڭ قىممىتى مۇۋەپپەقىيىتىدە.

▲ ئىنسانلار ھەممىگە قادىر بولالمىغان يەردە، ئۇلارنىڭ قولىدىن پۈتۈپ چىققان پۇل قانداقمۇ ھەممىگە قادىر بولالىسۇن!

▲ كىشىگە ئوتتەك قىزىققانلىقتىن پۇشايمان كۆلى، مۇزدەك سوغۇققانلىقتىن مۇۋەپپەقىيەت گۈلى قالىدۇ.

▲ تۈز كۆڭۈل— ئۆز كۆڭۈل.

▲ توغرا نىشان— توغرا قارىغا ئېلىنغان قورال.

▲ ئادەمنىڭ كۆزى ھادىسىلەرگە چۈشكەندە، «ئەقىل كۆزى» ماھىيەتكە چۈشۈشى لازىم.

▲ تەجرىبە قانۇنىيەت بىلەن تومۇرداش بولمىسا، تەلەي سىناشقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ جاھىللار كۆپ يەردە ھەقىقەت زورلۇققا موھتاج.

▲ سودىنى كىشىلىك مۇناسىۋەت بويىچە قىلسا زىيان، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى سودىغا ئوخشاش قىلسا چاكىنىلىق.

▲ بايقاشنىڭ ئۆزى تاسادىپىي ھادىسە بولسىمۇ، لېكىن بايقىغۇچىلار تاسادىپىي ئادەملەر ئەمەس.

▲ بىر خامان ئاشلىقمۇ بىر تال قوشۇقتا يېيىلىپ تۈگەيدۇ.

▲ بىر ئىشنىڭ بىرلا سەۋەبى بولمايدۇ، خۇددى بەش بارماق بىرلەشكەندىلا مۇشتقا ئايلانغاندەك.

— ئەيسىراجىم مۇختار

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3- يىللىق 1- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

### تەنھا تىنىقلار

▲ ئەركەك زاتىڭنى تاپ، قەھرلىك ئادەم بول؛

ئادەم زاتىڭنى تاپ، مېھىرلىك ئادەم بول.

▲ مېھرسىز قېرىنداش تۇغقان ئەمەس، مېھرلىك دوستلىرىڭ قېرىنداشتۇر، بەس.

▲ ئاتا، قەھرلىك بول، مېھرىنى ئانا بەرسۇن. چۈنكى قۇياش كۆيدۈرىدۇ، زېمىن سۆيدۈرىدۇ.

▲ ئانام ئىشچان، مەن تىرىشچان، بالام مىشچان. بۇنىڭ سەۋەبى: مەن تېپىپ بەرگەن، ئانام ئېتىپ بەرگەن، بالام تاللاپ يەپ بەرگەن.

▲ مەردنىڭ كۆز يېشى ئەل ـ ئاۋام ئۈچۈن ئاقىدۇ، نامەردنىڭ كۆز يېشى هارام (بايلىق) ئۈچۈن.

▲ قوشقا كۆنمىگەن كالا قۇشخانىغا چاپار.

▲ كوچىدىن زېرىكسەڭ ئۆيۈڭگە قايتقىن، ياتلاردىن زېرىكسەڭ ئۆزۈڭگە.

▲ ئەي ئاتا، ئوغلۇڭنى ئويۇندىن، قىزىڭنى سورۇندىن تارتقىن.

▲ «پەرزەنتلىرىمىز سۆزىمىزنى ئاڭلىمايدۇ» ئەمەس، ئاڭلايدىغان چاغدا بىز سۆزلىمىگەن.

▲ سىرداشمىغان دوستنى ئۆيۈڭگە باشلىما.

▲ نادانىڭ كۆز يېشى قەدىرسىز، نالىسى قەھرسىز.

▲ شەرم ـ هايا كۆيۈۋاتقان ئوت، بەلكى گۈلخاندۇر، غۇرۇر ـ ۋىجدان تەكتى گۈلخان، بەلكى ۋولقاندۇر.

▲ سۇ تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئاققانلىقى ئۈچۈن سۈزۈك بولىدۇ.

▲ ئېقىن زورايغانسېرى لايلىشىدۇ.

▲ دۈشمەنىنىڭ سىرىنى بىلمەي قول سالما.

▲ تەقدىر ئادەمنى يارىتىدۇ، تەدبىر ئالەمنى.

▲ ئېچىلىپ كۈلەلمىگەن كىشى، تىلىقىپ يىغلاشنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ.

▲ ئۇيغۇرلار سەنئەتخۇمار مىللەت، ھەرگىزمۇ سەنئەتچى مىللەت ئەمەس.

▲ ۋىجدان ـ غۇرۇر ــ ئەر كىشىنىڭ قىزلىقى.

▲ كىشىلەر ئار ـ نومۇسىدىن كېچەلىدى، نەپسىدىن كېچەلمىدى.

▲ ئار ـ نومۇس ئەخلاقىي كىملىك، كىمكى ئۇنى يوقىتىپ قويىدىكەن، ئۆزىنى مەڭگۈ تاپالمايدۇ.

▲ دۈشمىنىڭگە قولۇڭنى بەرسەڭمۇ، سىرىڭنى بەرمە.

▲ سىرى يوقنىڭ جېنى يوق، يېرى يوقنىڭ نېنى.

▲ ئۆزۈڭنى چۈشىنەلمىگەن ۋاقتىڭ، دەل ئۆزۈڭنى ئىزدەۋاتقان ۋاقتىڭ.

▲ ئۆزۈڭنى ئىزدەپ تاپ، شۇندىلا ئەركىنسەن.

▲ تاتلاۋەرسەڭ قىچىشىدۇ، يارا بولۇپ ئېچىشىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ ئەيىبىڭنى يۈزۈڭچە سۆزلىشى، بىر بولسا، سېنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن، بىر بولسا ئۆزىگە ئېگىلدۈرۈش ئۈچۈن.

▲ يەر تەرگە باقىدۇ، خوتۇن ئەرگە.

▲ ئۆزۈڭگە ئىگە بولالىساڭ، ھەممىگە ئىگە بولىسەن.

▲ تېنىم زېمىن، روھىم ئۇرۇق، غۇرۇر قۇياش، ئىمان ـ ئېتىقاد پەرۋىش، قېنىم سۇ. بۇلاردىن بىرى كەم بولسا مەن ئۆلىمەن.

▲ تىكەنسىز گۈلنىڭ پۇرىقى يوق.

▲ ئىچ ئاغرىتىش، ئەمەلىيەتتە شۇ كىشىنى كۆزگە ئىلماسلىقتۇر.

▲ ئەي كىشى، باشقىلار ھەسەت قىلغۇدەك ياشا.

▲ سۇ ئۈزۈشنى بىلمىسەڭ ئۈزۈپ ئۆتكەن، ياشاشنى بىلمىسەڭ بۇزۇپ.

▲ ھايات بىر گۈزەل ناخشا، ھەر كىم ئۆز ناخشىسىنىڭ تېكىستىنى ئۆزى يازىدۇ، مۇزىكىسىنى بولسا باشقىلار ئىشلەيدۇ.

▲ قاشاڭ ئېشەككە تاياق ئۆتمەيدۇ.

▲ ساڭا ئىشەنمىگەنگە قول بەرمە، ئۆزۈڭ ئىشەنمىگەنگە يول.

▲ ھاياتلىقتا قۇتۇپلار كۆپىيەمەكتە، ھامان بىر كۈنى ئىنسانلىق قۇتۇپىدا دوقۇرۇشۇپ قالىمىز.

▲ دەرد تۆككىچە، تەر تۆك.

▲ گۈزەللىك يوشۇرۇن، ئەيىب ئاشكارا.

▲ ئوغلۇڭغا تىل سالما، قىزىڭغا تاياق.

▲ تېنىڭنى يوشۇر، ياتلار كۆرمىسۇن، ھايادىن قىزىرىپ قۇياش ئۆلمىسۇن.

▲ يېرىم يالىڭاچ تەن ــ قەدىرسىز ۋەتەن.

▲ يېرىم يالىڭاچ قىز ــ پاھىشىمۇ سىز؟

▲ كىيىم ــ تەبىئەت بىزگە ئىنئام قىلغان ھايا پەردىسى.

▲ ئوغلۇڭ بۇزۇلسا ئۆينى بۇزار، قىزىڭ بۇزۇلسا يۇرتنى.

▲ ئانىسىز ئائىلە ــ يىلتىزسىز دەرەخ.

▲ ئەرلەر ــ بايلىق، ئاياللار خەزىنە، بايلىق خەزىنە ئىچىدە ساقلانسا بىخەتەر بولىدۇ.

▲ ئايال كىيىشكە، ئەر ئىچىشكە بېرىلسە، ئۆي تېزلا ۋەيران بولىدۇ.

▲ ئەرلەر قۇلۇپ، ئۇنىڭ ئاچقۇچى پەقەت بىر تاللا، يەنى ئۆز ئايالىنىڭ قولىدا.

▲ بوزۇق قۇلۇپ بىر بولسا كۆپ ئاچقۇچتا ئېچىلىدۇ، بىر بولسا ئۆز ئاچقۇچىدىمۇ ئېچىلمايدۇ.

▲ نادانىنى مۇشكۇل ئوڭشايدۇ.

▲ روھ ــ سەن، تەن ــ ۋەتەن، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلما.

▲ ئوتنى سۇ ئۆچۈرىدۇ، يامانىنى يۇرت كۆچۈرىدۇ.

▲ سلاپ بەرسەڭ يىلانمۇ قوينۇڭدا ئۇخلايدۇ.

▲ بىلىم ھەر قانداق بەدەنگە يارىشىدىغان كىيىم.

▲ خانىدىن چۈشكەن يارلىقتىن، بەگدىن چۈشكەن بۇيرۇق يامان.

▲ يامان سۆز نەيزە، سەۋر ــ تاقەت قالقان.

▲ كۆزۈڭگە ئاسىيلىق قىلما، ئىزىڭدىن تانار، ئېرىڭگە ئاسىيلىق قىلما، قىزىڭدىن يانار.

▲ مەغلۇب بولغاندىن ساۋاق قالىدۇ، ئېشى تۆكۈلۈپ تاۋاق قالىدۇ.

▲ چۈشى يوق ئۇيقۇنىڭ لەززىتى يوق.

▲ كۆمۈلگەن ئىزنى شامال ئاچىدۇ.

▲ دۈشمەنگە تىكىلىپ قارىغىن، شۇندىلا ئۇنىڭ ھەققىي مەقسىتىنى بىلەلەيسەن.

▲ بوران چىچەكنى تۆككىنى بىلەن دەرەخنىڭ مېۋىلىشىنى توختىتالمايدۇ.

▲ بوران تامدىن قورقىدۇ، قورقۇنچاق قاندىن.

▲ زېمىن تەر بىلەنلا كۆكەرمەيدۇ، ئۇنىڭ پاكلىقىنى قوغداش ئۈچۈن قانمۇ تۆكۈش كېرەك.

▲ بېشىڭنى ئەگسەڭ قىلىچ كەسمىگەن بىلەن ئەلدىن رىشتىڭنى ئۈزۈۋېتىدۇ.

▲ قارامىلىق ــ ئەركىشىنىڭ خوتۇن كىشىدىن پەرقلىنىدىغان خاراكتېرى.

▲ تاشقا پۇتلاشساڭ چالمىنى تېرىسەن.

▲ مەردلەر ۋەتەن ــ مىللەت ئۈچۈن قان كېچىدۇ، نامەردلەر نەپسى ئۈچۈن قان ئىچىدۇ.

▲ ياتقا كۈچۈكلەنسەڭ ئىت كۆرىنىسەن، دوستۇڭنى چاقساڭ پىت.

▲ قورساققا ئامراق ھايۋانغا يۈگەن كەتمەس.

▲ ئەرلەرنىڭ مەيدىسى يۇمشاپ، ئاقرىپ كېتىپتۇ، ئاياللارنىڭ مەيدىسى قارىداپ، چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ.

▲ قىزلىق ــ نازاكەت، ئەرلىك جاسارەت.

▲ بەك قاۋىغان ئىت تالاشقا يارىمايدۇ.

▲ تەقدىر ــ تەدبىرنىڭ كۆلەڭگىسى.

ــ ھەسەنجان يۈسۈپ

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە تاغارچى يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم

## تەپەككۇر تېز سىزمىلىرى

▲ ساپالىق ئەللەر ئائىلىنى مەكتەپ، ئاتا ــ ئانىنى ئۇستاز بىلىدۇ.

▲ ئالدىراقسان كىشىلەر تورمۇزى يوق ماشىنىغا ئوخشايدۇ.

▲ كۆزۈڭ يەتكەنگە كۈچۈڭ يېتىدۇ.

▲ تەپەككۇردىن يىراق ئەدەبىيات تەقلىد ۋە ماختاشتىن ھالقىيالمايدۇ.

▲ مائارىپ ئېتىقاد بىلەن ئىقتىسادنى ئاساس قىلسا ئاندىن يۈكسىلەلەيدۇ.

▲ ئېغىز نەزەرىيىسىنى سۆزلەيدۇ، ھەرىكەت ئەمەلىيەتنى.

▲ كۆڭۈل يەتكەن يەرگە كۆز يەتمەس.

▲ بىكار ياتساق تەن ھارىدۇ، ئويلانمىساق روھ.

ــ ئابلەت روزى

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە «بابۇر» كومپيۇتېرخانىسىنىڭ خادىمى

※ ※ ※

▲ سۆيۈلۈش ــ قايتا تۇغۇلۇش دېمەكتۇر.

ــ ئابدۇناسىر ئابدۇرېھىم سەئىدى

---

ئاپتور: ئۈچتۇرپان ناھىيە ئىماملىرىم يېزا خاندۇ كەنت سەھىيە مۇلازىمەت پونكىتىدا دوختۇر

## قەلبىم تىۋىشلىرى

▲ تارىخنىڭ ئۇنتۇلۇشى ــ تراگېدىيە، ساقلىنىشى ــ تەسەللى، داۋاملىشىشى ــ ئىشەنچ، قۇۋۋەتتۇر.

▲ بىلەرمەنلىك بىر بولسا ئىشەنچتىن، بىر بولسا ئاتىكاچىلىقتىن.

▲ تاشقى ئامىل يېرىم ئاچقۇچ، ئىچكى ئامىل پۈتۈن ئاچقۇچ.

▲ تەبىئىتى بۇزۇلغان قوۋم تەبىئەتنىمۇ بۇزۇپ بارىدۇ.

▲ مانا، بىلىمنىڭ مۇھىملىقى مەۋجۇدلۇقىمىزغا تاقالغانچا، ئاندىن بىز ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇۋاتىمىز.

▲ ھازىر بەزى قىزلىرىمىز يۈزى ئېچىلمىغان «چوكان»لارغا ئايلانغىلى تۇرۇپتۇ...

▲ لېنىننىڭ «ئۆگىنىش، ئۆگىنىش يەنە ئۆگىنىش» دېگەن گېپىگە «ئۇنۇم، ئۇنۇم يەنە ئۇنۇم» دېگەن گەپنى قوشۇپ قويساق بولارمىكىن؟

▲ سۆيۈش بىلەن مەسئۇلىيەت ــ مۇھەببەت بىلەن نىكاھنىڭ ئىككى قانىتى.

▲ ئاخشام بىر چۈش كۆرۈپتىمەن: ئاياللار بېلىققا ئايلىنىپتۇ، ئەرلەر قارماق سالغۇچىغا... قارماقلارنىڭ ئىقتىدارى ئۆسەركەن، بېلىقلار ئاندىن ھىيلىگەر...

▲ گەپتە بار، ئەمەلدە يوق؛ ئەمەلدە بار، گەپتە يوق. مانا بۇ قالاقلىق بىلەن ئىلغارلىق (تەرەققىيات) نىڭ خېمىر تۇرۇچى.

▲ گەپمۇ ئاڭلايدىغان قۇلاق بولسا ئاندىن ئەتىۋار.

▲ تۆمۈر خەلىپە «قەسەم»گە ئالدانغان بولسا، بۈگۈنكىلەر «مەنپەئەت»كە (نەپسىگە) ئالدىنىدىغان بولدى...

ــ غالىب مۇھەممەت قارلۇق

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر 46 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

※ ※ ※

▲ ھايات ــ «ھايا» دېگەن ئالدىنقى ئىككى بوغۇمى بىلەن ھەقىقىي مەنىسىنى تاپىدۇ.

ــ دىلئارام رەخمەت

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر 23 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1 ـ يىللىق 11 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئالتۇن قەلەممۇ يازدى، كۈمۈش قەلەممۇ يازدى، قومۇش قەلەممۇ يازدى. ئەپسۇس، ئالتۇن، كۈمۈش قەلەملەر ئازدى، قومۇش قەلەم ئازمىدى.

ــ تاغلاش

ئاپتور: تورپان ۋىلايىتىدە ئوقۇتقۇچى

## ھېسلىرىم

▲ مۇشەققەتلىك يوللاردىن گۆھەر ئۇچرايدۇ.

▲ بىر قېتىم خاتالاشقاندىن، ئىككى قېتىم سورىغان ياخشى.

▲ ئانىلارنىڭ قەدرى قىلىنمىغاچ، باللار يارامسىز چوڭ بولۇۋاتىدۇ.

▲ بېلىق قارماققا چۈشۈشتىن قورقسا، بېلىقمۇ، بېلىقچىمۇ ئاچ قالىدۇ.

ــ ئەلىجان نەسرۇللا

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا لەڭگەر كەنتىدە دېھقان

※ ※ ※

▲ ئاياللارنىڭ بەزىلىرى ــ ياغلىقىدىن، خاسلىقى ــ ئېسىل خۇلقىدىن، پاكلىقى ــ ھۆرمىتىدىن ئىپادىلىنىدۇ.

ــ رەيھانگۈل ھەمدۇل (ئاشكۆكى)

ئاپتور: قۇمۇل شەھىرى قارا دۆۋە يېزىسى ئۇلۇغبول كەنتىدە دېھقان

▲ گەپ تولا ئائىلىدە ئايال، تولا ئىش قىلىدىغان ئائىلىدە ئەر كۆپ.

ــ ئابدۇۋەلى ئابدۇغەنى خاتىپ

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە لەڭگەر بوز يەر باشقۇرۇش رايونى باشتېرىم كەنتىدە دېھقان

▲ تەربىيىچى ساپاسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى بېكىتىشتىكى ئاچقۇچ، تەربىيىلەنگۈچىنىڭ ئۆزىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان پىكىر، كۆزقاراشلىرىغا ھۆرمەت قىلىش ـ قىلالماسلىقىدا.

ــ دۆلەتنىياز مەتروزى

ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

«ئوخشىغان ئاشنىڭ تەمى تاتلىق،
قىل تەگمىسۇن.
پۇجۇڭ خېنىمنىڭ خۇيى تاتلىق،
تىل تەگمىسۇن.» ــ (قۇمۇل بېيىتلىرى)

دەپ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن بىر تولىمۇ رازى، تىل تەگمىسۇن.

ــ ھۈسەيىن سالىھ

ئاپتور: قۇمۇل شەھىرى خەلق مۆكۈمىتىنىڭ خادىمى

▲ بىر سائىلنىڭ ئالدىغا بېرىپ سورىدىم:
ــ ھايات دېگەن نېمە؟
ــ ھايات دېگەن بىر بۇردا نان بىلەن ئېقىن سۇ...
زەرگەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ سورىدىم:
ــ ھاياتنى چۈشەندىڭلا؟
ــ ھايات دېگەن ئالتۇننىڭ ئۆزى، ئوغلۇم. ئالتۇن كۆشەندىسى كىسلاتا تەرىپىدىن بارغانسېرى ئازلايدۇ.
ئۆلىمانىڭ قېشىغا بېرىپ سورىدىم:
ــ ھاياتنىڭ مەنىسى نېمە؟
ــ ھاياتنىڭ مەنىسى شۇدۇركى، ئۆمرىنى ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىش، ئىلىم ـ ھېكمەت ئۆگىنىش...
بىر ئاقىل ئېيتتى:
ــ بولدى قىل، بۇ ھەقتە تولا گەپ سورىما.

www.uyghurkitap.com

كىمكى ھاياتقا قانداق باقسا، ھاياتمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق باقىدۇ...
مەن ھەممىسىنىڭ جاۋابىغا رازى بولدۇم.
— ئابدۇۋاھىد ئابلىز

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە 1- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3- يىللىق 2- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ قىلىچ رىقابىتى باتۇرلارنى، قەلەم رىقابىتى دانالارنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ.

— توختىنىياز ئالىم

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيە چوڭباغ بازار ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

▲ ئاياللارنىڭ چىراي گۈزەللىكى شەيتاندىن، قەلب گۈزەللىك- ئادەمىيلىكى ئىنساندىن.

▲ باشقىلارنىڭ سىرىنى بىلىشكە ئادەتلەنگەن ئادەم، بىر بولسا گۇمانخور، بىر بولسا تۆھمەتخور.

— قۇمۇل ئوبۇل

ئاپتور: ئاقسۇ تاشيول باش ئوچاستكىسىنىڭ خادىمى

## يېزا- قىشلاقتا تۇغۇلغان ئويلار

▲ بەڭگىنى خامانغا يولاتما، كەيمە تازنى قازان بېشىغا.

▲ تولا داڭلىغان تاۋار ساختا كېلەر، كۆپ كىشنىگەن ئايغىر ئاختا.

▲ تۇل- ئاجىز كۆز يېشىنى ئاشكارا- ئەل ئىچىدە، باھادىر- پالۋان پىنھان- ئۆي ئىچىدە تۆكەر.

▲ ئۇچار- قانات قورسىقى ئۈچۈن دېھقاننىڭ دېنىغا، ئادەم تىنچلىقى ئۈچۈن ۋەتىنىدە شاھنىڭ قانۇنىغا موھتاج...

▲ بوۋايغا تۇماق بىلەن مۇشۇك ھەمراھ، مومايغا بوۋاق بىلەن بۆشۈك.

▲ شەھەردە تانسىخانا قايناق، سەھرادا سامىسخانا.

— تۇردى ئالاۋۇش

ئاپتور:كوچا ناھىيە خانىقتام يېزا چىمەن كەنتىدە دېھقان

## تەپەككۇرۇمدىن جۇغلانمىلار

▲ ياخشى ئادەمگە قەرز بەرسەڭ ئۆز نۆۋىتىدە، ئوسال ئادەمگە قەرز بەرسەڭ قولۇڭدا بېرىپ، پۇتۇڭدا ئالىسەن.

▲ رادىئو- تېلېۋىزىيە رىياسەتچىسى ئۆزى ساناقلىق ئادەمنى تونۇيدىغان، ئەمما سانسىز ئادەم ئۇنى تونۇيدىغان ھەم باھا بېرىدىغان كىشى.

▲ 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئادەملەر ئۇرۇش، ئاچارچىلىق ۋە تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللىك سەۋەبىدىن ھالاك بولغان بولسا، 21- ئەسىردە بۇنىڭغا قوشۇلۇپ قاتناش ئېقىمىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن جېنىدىن ئايرىلماقتا.

▲ ئەگەر بىز تۇرمۇشنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى ئۇزۇن سەپەرگە ئوخشاتساق، ئۇنداقتا بۇ سەپىرىمىزنىڭ ئاخىرقى نىشانى ئۈرۈمچى ياكى بېيجىڭدا بىكەتتىن چۈشۈپ قېلىش بولماستىن، پۈتكۈل دۇنيانى ئايلىنىپ چىقىش بولسۇن.

— بۇۋىمەريەم تىلىۋالدى

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە ئونيار يېزا ئۈيغۇر بۇلۇكەي كەنتىدە دېھقان

※ ※ ※

▲ ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئاساسىي خەتەر دۈشمەندىن كەلسە، ھازىر ئۆزىمىزدىن كەلمەكتە.

▲ كىچىككىنە ھېس قىلىش- قېرىغاندا قىلغان ئىبادەت.

— ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا

ئاپتور: شايار ناھىيە مازارغوجام بازىرى ئاقبەل كەنت مەكتىپىدە مۇئەللىم

▲ قەلەم بىر تال چوكچىلىك نەرسە. ئەمما ئۇ پۈتكۈل دۇنيانى سىزىپ چىقالايدۇ.

—غاپپارجان جاپپار

ئاپتور: گۈجۈڭ ناھىيە 1- ئوتتۇرا مەكتەپ قارىمىقىدىكى «كىچىك قۇياش باللار باغچىسى»نىڭ ئاشپىزى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئوقۇرمەنلىرىنىڭ كۆپ بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ قىزىقارلىق بولغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئوقۇرمەنلەرنى ئويغا سالالىغانلىقىدا.

— ئابدۇسەمەت روزىباقى

ئاپتور: خوتەن ناھىيە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

## تەپەككۇر سوۋغاتلىرىم

▲ «خۇشامەتچى»— «خائىن» سۆزىنىڭ ھازىرقى زاماندا سىلىقلاشتۇرۇلۇپ ئېيتىلىشى.

▲ گېلىڭدىن ئۆتكىنى ئەمەس، تېنىڭگە سىڭگىنى رىزقىڭ.

▲ بەھۇدە ئاچچىقلىنىش،بىرگە ھەسەتتىن، بىرگە

يېتىلگەنلىكتىن.

▲ غەزەپ قىلالمىساڭ نەپرەت قىل.

▲ بارلىق ئاداۋەتنىڭ سەۋەبچىسى — غەيۋەتخور.

▲ دەردلىرىڭنى دەردمەنگە ئەمەس، دەرمان بولالايدىغانغا ئېيت.

▲ خائىن — ھەر ئىككى تەرەپتىن قورقۇپ ياشىغۇچى.

▲ دۈشمىنىڭنىڭ كۈلكىسى، قېرىندىشىڭنىڭ ئازابى يىراق بولسىمۇ ئاڭلىنىدۇ.

▲ ھەممىگە ياخشىچاق كىشىگە سىر ئېيتما.

▲ ئۆتنە — قايتۇرساڭ كۆپ قېتىم، قايتۇرمىساڭ بىر قېتىم ماڭىدىغان يول.

▲ قەپەستىكى قۇشقا دان بېرىشنىڭ مەقسىتى — سايرىشىدىن ھۇزۇرلىنىش.

▲ تېپىۋالغان نەرسەڭ ئىگىسى چىقمىسا، ئاندىن سېنىڭ.

▲ رەقىبىڭدىن بەك قورقساڭ، ئىچىڭدە يىغلايسەن.

▲ بىر قېتىم بەرمىگەندىن ئىككىنچى قېتىم سورىما.

▲ ئاقىۋەتنى ئويلىغان دانا كېلۇر.

▲ خىجالەت بولماي تۇرۇپ، سىنىدىم دېمە.

▲ خىجالەتچىلىك — ئۆزۈڭنىڭ يۈزىنى، كىشىنىڭ مەردلىكىنى سىنايدىغان سىناق.

▲ كۆپ ئالدانغان نادان، بىر ئالدانغان سەگەك كېلۇر.

▲ ھېسداشلىق — ياخشىلىقنىڭ مۇقەددىمىسى.

▲ قىز بالىنىڭ نازۇكلىقى ئاجىزلىقىغا ئەمەس، ھايالىقىغا قارىتىلغان.

▲ ئەي ئايال، نېپىز كىيىنىدىغان قېلىن بولماي، قېلىن كىيىنىدىغان «نېپىز» بول.

▲ ئەزەلدىنلا يامانلىق قىلىپ باقمىغان، يامانلىقنى ئويلىسىمۇ تېنى جىغىلدار.

▲ كىشىنىڭ كەمچىلىكىگە ئېسىلىۋالساڭ دۈشمەن تاپىسەن.

▲ كۆپ رەنجىگەننىڭ دوستى، كۆپ بىلمىگەننىڭ دۈشمىنى بولماس.

▲ سۆكۈت بەك ئۇزۇن داۋاملاشسا، قايىللىقنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ.

▲ مۇھەببەت ۋە نەپرەتنى بولمىغانىنى دوست تۇتما.

▲ ياخشى گەپ قىسقا، يامان گەپ ئۇزۇن بولۇر.

▲ ياخشىلىقنىڭ چېكى يوق، يامانلىقنىڭ كىچىكى.

▲ قورۇق — غەمنىڭ، قاداق — جاپانىڭ ئالامىتى.

▲ ئاز سۆز — دورا، كۆپ سۆز — ئورا.

▲ قورال- ياراق شەيتاننىڭ ئىنسانغا ئۆگەتكەن ئەقلىدىن بارلىققا كەلگەن.

▲ باققالدىن سەھەردە ئال، قاسساپتىن كەچتە.

▲ ئىككى خىل كىشىنىڭ كۆز يېشىغا ئىشەنمە: 1. دۈشمەن، 2. خائىن.

— ئەسقەر ھوشۇر

---

ئاپتور: بورتالا شەھىرى چىندىل يېزا رادىئو- تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ مەسئۇلى

※ ※ ※

▲ بالا ئاتا- ئانىنىڭ ئۆلۈمىگە چىدىغان بىلەن، ئاتا- ئانا بالىنىڭ ئۆلۈمىگە چىدىمايدۇ. ئۇلار بالا دەردىدە يا ساراڭ بوپقالىدۇ، يا بالا كەينىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

— نەزىرە روزاخۇن

---

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە شوتا يېزا مال دوختۇرلۇق پونكىتىدا ۋاقىتلىق ئىشچى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ ھازىرقى بالىلارنى تەربىيىلەش نېمىشقا شۇنچە تەس؟ چۈنكى بىز كىچىكىدە قانداق سۆزلەشنىلا ئۆگىتىپ، ئېغىزنى قانداق يۇمۇشنى ئۆگەتمىگەن.

▲ كىشىلەرنىڭ غەم- ئازابى، يا بولمىسا كۆز ئالدىنىلا كۆرگىنىدۇر، يا بولمىسا بەك يىراقنى كۆرگىنىدۇر.

▲ پۇشايمان بىلەن ئەندىشىنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىنساننى قىينايدىغان پاسسىپ پىسخىكىلاردۇر. پەرقى، ئالدىنقىسى ئۆتمۈشىمىزگە، كېيىنكىسى كەلگۈسىمىزگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، خالاس.

— مۇنەۋۋەر ئوبۇلھەسەن

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل فاكولتېتى خەنزۇتىلى ئاساسلىرى كافېدراسىدا مۇئەللىمە

※ ※ ※

▲ بىزگە ئېھتىياجلىق نەرسىلەر كۆپ ھالدا باي تۇغقانلاردىن چىقماي، نامرات تۇغقانلاردىن چىقىدۇ.

— ئۆمەرجان ئوسمان ئېلى (ھوڭ)

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە پىچان يېزا ھوڭ كەنتىدە دېھقان

▲ نادانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغۇچە، دانانىڭ ئىشارىتىگە قارا.

—ھاجىمۇھەممەت ئابلىز

---

ئاپتور: بورتالا شەھرى شۈيىگېپەن يېزىسىدا دېھقان

▲ ئاڭلاشنى بىلمىگەنىنىڭ سۆزلەشنى بىلىشمۇ ناتايىن. ئۇلۇغ ناتىقلار ئەسلىدە ئىخلاس بىلەن ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىقىدۇ.

▲ غاپىل كۆزلەردە نۇر يوق، باتىل سۆزلەردە دۇر.

▲ تالاي ئادەم بىلمەي ياشايدۇ، كۆڭلى شۇنچە پۇتۇن، ناھايىتى ئاز ئادەم بىلىپ ياشايدۇ، كۆڭلى شۇنچە يېرىم. دېمەك، بىلمەسلىكنىڭ بەختى بىلەن بىلگەنلىكنىڭ قىسمىتى ئۆز ئارا تەتۇر.

—ئابدۇقادىر قارلۇق

---

ئاپتور: خوتەن ۋىلايىتى سۇ ئىدارىسىنىڭ خادىمى

▲ تېلېۋىزوردا بېرىلىۋاتقان «جاھاندىكى ئىشلار» پروگراممىسىنى كۆرۈپ ئالەمدە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەردار بولساق، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىنى كۆرۈپ، ئەدەپ-ئەخلاق، ئەقىل- ئىدراك ۋە تەجرىبە- ساۋاقلارغا ئىگە بولۇپ، تۇرمۇشىمىزنى بېيىتىپ تۇرىمىز.

—مەخەم ئابباس

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە سىيەك يېزا قومۇشئېرىق كەنتىدە دېھقان

▲ قۇياشقا تىكىلىپ قارىۋىدىم، ئۇنىڭ كۈچلۈك نۇرلىرى كۆزۈمنى چېقىپ، زادىلا قارىغىلى قويمىدى؛ تولۇن ئايغا قارىۋىدىم، ئۇ تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈندى. شۇندىن بېرى بىر ئىشقا ھەيرانمەن: بىز ئۆزىمىزگە ئىللىق مېھرىنى ئاتا قىلغۇچى ئىللىق قۇياشقا تىكىلىپ قارىيالمايمىزيۇ، گۈزەللەر شاھتى بولمىش تولۇن ئايدىن كۆزىمىزنى ئۈزەلمەيمىز. خۇددى ئانىغا قارىماي، ئايالىنىڭ قولى بولغاندەك...

—ئاۋزەر بىدەل

---

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۆزۈڭدىن ئاجىزلار بىلەن رىقابەتلەشمە، ئاجىزلىقىڭنى سېزەلمەيسەن.

—ئابدۇرېشىت قادىر (تەلقىن)

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئەدلىيە ساقچى- ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ قايسىدۇر بىر ئەدىبنىڭ: «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قانچىلىك شائىرى بولسا، شۇنچىلىك ئوقۇرمىنى بولىدۇ» دېگىنىنى ئەمدىلەتىن ھېس قىلىۋاتىمەن.

▲ كىتاب شۇنداق نەرسە ئىكەنكى، بىر بولسا قولدىن چۈشۈرمەيدىغان قىلىۋېتىدىكەن، بىر بولسا قولغا ئالماس قىلىۋېتىدىكەن.

—گۈزەلنۇر قۇربان

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 3- يىللىق 3- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئوقۇتقۇچىلىرىمىز «نېمىشقا دەرسكە دىققەت قىلمايسىلەر» دەپ بىزدىن رەنجىگىچە، «ئاڭلىغىدەك ئۆتەلىدىممۇ؟» دەپ ئۆزىگە سوئال قويغىنى تۈزۈك.

—مېھرىگۈل ئىسمائىل

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتى خەنزۇتىلى 2004- يىللىق 9- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ پەقەت ئۆز- ئۆزۈڭگە ئىگە بولالمىغان چېغىڭدىلا، ئاجىزلىقىڭنى ھەقىقىي ھېس قىلىسەن.

—ئابدۇقەييۇم ئابدۇغەنى

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى شۆبە ئوتتۇرا مەكتەپ ئىجتىمائىي پەن تەكرار سىنىپىنىڭ كۇرسانتى

▲ بىرسىگە پايدا بولىدىكەن، چوقۇم يەنە بىرسىگە زىيان بولىدۇ.

—پەخرىددىن نەسرىددىن

---

ئاپتور: خوتەن ناھىيە 2- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىر قوۋمنى دۇنياغا تونۇتقۇچىلار، بىر بولسا، چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر، بىر بولسا سىياسەتچىلەر.

—سەمى سەمەت

---

ئاپتور: كەلپىن ناھىيە ئاچال يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

▲ تۇرمۇش مەلۇم جەھەتتىن مېغىز يېيىشكە ئوخشايدۇ. سىز يەۋاتقان بىر چاڭگال مېغىزدا ھېلىگەر سودىگەر ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن بىرەر تال ئاچچىق مېغىز چىقىپ قالغاندەك، تۇرمۇشتىمۇ بەزىدە ئاشۇنداق «ئاچچىق مېغىز» يەپ قېلىشتىن ساقلانماق تەس. بىراق بۇنىڭلىق بىلەن ھەممىنى تۆكۈرۈۋېتىش كېرەكمۇ؟

—ئالىم ئۆمەر

---

ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە ئاقسـاقمارال يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

www.uygurkitap.com

▲ ئادەملەرنىڭ ئوساللىقىغا ئىشىنەمسەن؟ ئىشەنمىسەڭ قولاق سال: قارا، ئىككى ئاقىل شۇنداق چىرايلىق ھەمسۆھبەتتە بولسا ھېچكىم دىققەت قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئوسال ئىككى ئادەم قەبىھ ـ ئەپسانە گەپلەر بىلەن تىللىشىۋاتقان، مۇشتلىشىۋاتقان بولسا ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر توپلىشىپ، جىمغۇر ئادەملەرمۇ «تاماشا»دىن چەتتە قالمايدۇ؛ تەرتىپلىك، ئاسايىشلىق تۇرمۇش زېرىكىشلىك تۇيۇلىدۇ ـ يۇ، ۋەھشىيلەرچە قىرغىنچىلىق، چاپاشچىلىق فىلىملىرى تولا ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ.

▲ بايلىق ئىسراپخورنى خارلايدۇ، تېجىگۈچىنى ئەزىزلەيدۇ.

ـ ئەھەت ماموت

ئاپتور: كوچا ناھىيە چىمەن بازار كالتە يەيلۇ كەنتىدە دېھقان

▲ سۆيۈش، سۆيۈلۈش ئۆزۈڭدىن.

▲ كەچمەيمىز، كېچەلمەيمىز ۋە ياكى تاشلاپمۇ كېتەلمەيمىز. بۇ نېمە؟ بۇ دەل ئۆزلۈكىمىز، ئۆزىمىز.

ـ مۇھەممەتئېلى ھوشۇر (نەۋ چوغ)

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي يەن كوچىسىدا قىستىلىپ يۈرگەن بىلەن، تەبىئىي يەن كوچىسىدا دەسسىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ.

ـ تۇراخۇن قادىر (قۇتتېكىن)

ئاپتور: قەشقەر شەھەر نەزەرباغ يېزىسىدا دېھقان

▲ قولۇڭدىكى ناننى چىڭ تۇتۇپ يېيەلمىسەڭ، تىلەپ يېيىشكە مەجبۇر بولىسەن.

ـ تۇردىمۇھەممەت نىياز باقى

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزا 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

▲ ئەخلاقنى تەكتىلىگەنسېرى ئادەملىرىمىز شۇنچە بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇنىڭ سەۋەبى، ئەخلاقنى تەكتىلىگۈچىنىڭ ئەخلاقسىزلىقىدا.

ـ ھەزرەتئېلى روزى

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ يېشىم چوڭايغانسېرى ئۆلۈپ كەتسەم قىيالمايدىغىنىم، بىرى، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ 12 مۇقامىنىڭ گۈزەل كۈيلىرىنى ئاڭلىيالماي قالىدىغىنىم، يەنە بىرى، خەلقىنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئالغان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇيالماي قالىدىغىنىمنى ئازاب ئىچىدە ھېس قىلىپ قالدىم.

ـ ئىلھام نىياز

ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ خادىمى

▲ ئىنساب كۆتۈرۈلگەنسېرى «قىيامەت»نىڭ ۋەھىمىسى يوقايدۇ.

ـ ئەكبەر سۇلتان غوجا

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەي يىگىت، دۇنيانى ئايلىنىمەن دەيدىكەنسەن، ئالدى بىلەن ئۆز يۇرتۇڭدىكى ئالىم، قەھرىمان بوۋا ـ مومىلىرىڭنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ، قەبرە بېشىدا تۇرۇپ تەۋەنگە قاراپ باق. بەلكىم دۇنيا ساياھىتىڭنىڭ نەتىجىسى يەنىمۇ ئۈنۈملۈك بولار.

ـ ئىمىننىياز ھەسەن

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە ئايباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

▲ بىر ئاتنى ئەگەر يەنە بىر ئات قوغلاپ كەلمىسە، ئۇنداقتا ئۇ ئۇچقاندەك چاپمىغان بولاتتى.

ـ زورىگۈل قۇتلۇق

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا ۋە ئۇچۇر قۇرۇلۇشى فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## كىشىنگەن تۇيغۇلار

▲ ھەقىقەت يەقەت بىرلا. بولمىسا ئۇ زىنھار ھەقىقەت بولالمايدۇ.

▲ ھەق سۆزلەشتىن قورقمايمەن، بەلكى ھەقنى سۆزلىيەلمەسلىكتىن قورقىمەن.

▲ ۋەدە، قەسەملەر كۆپەيگەنسېرى ئىشەنچ يوقىلىشقا باشلايدۇ.

ـ تۇرنىساگۈل مەتىمىن (پىنھانە)

ئاپتور: چىرا ناھىيە گۇلاخما يېزا بازىرىدا دېھقان

## ئاددىي تەپەككۇرلار

▲ بۇرۇن بېشىمىزغا كەلگەن پاجىئە مىللىتىمىزنىڭ نادانلىقىدىن بولسا، ھازىر ھاراقتىن كېلىۋاتىدۇ.

▲ ھايۋان بىلەن ئادەمنىڭ پەرقى كىيىم بىلەن، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ پەرقى بىلىم بىلەن.

▲ شېئىر ھايۋاناتلار دۇنياسىنىڭ پادىشاھىسى بولسىمۇ، ھېلىگەر تۈلكە ئالدىدا يەنىلا ئاجىز.

— ئابابەكرى سوبۇر

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە تارىم يېزا مال دوختۇرلۇق پونكىتىدا دوختۇر

※ ※ ※

▲ دەرستە ياخشى ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئىقتىدارىغا قارايدۇ، دەرستە ناچار ئوقۇغۇچى سۆلتىگە.

— ئابدۇلئەزىز ئىسكەندەر

---

ئاپتور: باي ناھىيە سايرام بازار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئىنساننى ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالدۇرىدىغان ئىككى ئىش بار: بىرى، ئاتا- ئانىسى ھايات ۋاقتىدا ھۆرمەتلەپ، خىزمىتىنى قىلىپ ھالىدىن خەۋەر ئالماسلىق، يەنە بىرى، ئىلىم ئۆگىنىشنى ئارقىغا سۈرەش.

— ئەمەتجان ئابدۇرېھىم

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىمات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ موھتاجلىقتىن قۇتۇلاي دېسىڭىز يوتقانىڭىزغا قاراپ پۇت سۇنۇڭ.

— مۇخپۇل قۇربان

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى چېگرا مۇداپىئە كادىرلىرىنى تەربىيىلەش مەكتىپى سىياسىي كافېدراسىنىڭ خادىمى

▲ ئارىمىزدا شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئائىلىدە زوراۋان، جەمئىيەتتە مۇتىھەم، رەھبەرلىك ئالدىدا خۇشامەتچى. بۇلار دەل ھازىرقى ئۈچ ‌ــ ئېلېكترون دەۋرىدىكى خامېلېئونلاردۇر.

— سائادەتجان سابىر

---

ئاپتور: قومۇل دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىسى

▲ ئاجىزلار ھامان كۈچلۈكلەر تەرىپىدىن يوقىتىلىدۇ، بۇ، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى. شۇڭا سەن ئاۋۋال كۈچلۈكلەردىن ئەستايىدىل ئۆگىنىشىڭ، ئۆزۈڭنى قۇدرەت تاپقۇزۇشۇڭ، ۋاقتى كەلگەندە ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلىشىڭ زۆرۈر. مانا بۇ رىقابەت دەۋرى!

— ئادىلجان

---

ئاپتور: ئوقۇغۇچى

▲ تۇنجى يىغا — دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇش يارلىقىنى ئېلىپ كەلگەن جاكارچى.

— مېھرىئاي مۇھەممەت

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 1- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2-يىللىق 1- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ باشقىلارنىڭ ئىزىدىن ماڭساڭ، ھەممىشە ئارقىدا قالىسەن.

— ئىلغارجان مەتتۇرسۇن ئىسلام

---

ئاپتور: نىيا ناھىيە سىياسىي كېڭەشنىڭ خادىمى

## ئىسمائىل يەئقۇبنىڭ تەپەككۇرى

▲ كىشىلەر ھەر كۈنى تېلېۋىزورنى كۆڭۈل قويۇپ كۆرگەندەك، ئېسىل كىتاب- ژۇرناللارنى كۆرگەن بولسا ئىدى، تارىختىن بېرى تالاي بەدەل تۆلەپ يېتەلمىگەن مەقسەتلىرىگە بىلىم ئارقىلىق يەتكەن بولاتتى.

▲ ئۆزىدىن دەرىجىسى يۇقىرى ئادەمنىڭ ناھەق سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ قوبۇل قىلغانلىق، ئۇنى ئىلاھ قىلىۋالغانلىق، ئۆزىدىن دەرىجىسى تۆۋەن ئادەمنىڭ ھەق سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ قوبۇل قىلمىغانلىق، ئۆزىنى ئىبلىس سىياقىغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقتۇر.

— ئىسمايىل يەئقۇب

---

ئاپتور: قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ يېزا موللا زىيادە كەنت ئاقھويلا مەھەللىسىدە دېھقان

※ ※ ※

▲ كۆز يېشى — ئاجىزلارنىڭ كۈچلۈكلەر ئالدىدىكى ئاق بايرىقى.

— مەريەمگۈل ئابدۇرېھىم

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئائىلىدىكى زوراۋان ئەر، ئايالى ئالدىدا مەغلۇپ بولغان ئەردۇر.

▲ دادا — پەرزەنتلىرىنىڭ بەخت- سائادىتى ئۈچۈن دار ئالدىغا بېرىشقا رازى ئۇلۇغ ئىنسان.

— مۇھەممەدۇن جېلىل

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە «مۇزتاغ» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە لابورانت

▲ بىلىپ قېلىڭكى، ئادەمنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى

www.uyturkitap.com

كۆزىدىن، ھايۋاننىڭ تېنىدىن بىلىنىدۇ.

ــ مۇھەممەتنىياز رازىق

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى گاچا بولسىمۇ پۇلى بارنى سۆزلىتىدىغان ژۇرنال بولماستىن، گادايى بولسىمۇ ھېكمەتنى سۆزلىتىدىغان ژۇرنال.

ــ ئابدۇرېشىت ھېيت

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 10 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ ئادەمىيلىك قىممىتىنى ھەرۋاقىت ساقلاي دېسەڭ، نادانلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلما، دانالارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى سەل چاغلىما.

▲ ياۋا ئوت يەرگە بالا، ۋات ـ ۋات خوتۇن ئەرگە.

▲ سەن ئۆچ كۆرگەننى مەڭگۈلۈك يوقىتىۋېتەلمەيسەن، ئامراق بولغاننى مەڭگۈ ساقلاپ قالالمايسەن.

▲ ئەرلەر زەيپانە، ئايالالار مەستانە، باللار ۋەيرانە.

▲ ئۆزۈڭنىڭ قانچىلىك ئەركەك ئىكەنلىكىڭنى بىلەي دېسەڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىڭغا قارا.

▲ بىر ناخشىنى يوقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن ئۈچ خىل ئاۋازدا ئاڭلاپ بېقىڭ. سىز بۇنىڭدىن ئۈچ خىل تۇيغۇنى ھېس قىلىسىز. دۇنيامۇ بىر ناخشا، گەپ، سىزنىڭ ئۇنى قايسى ئاۋازدا ئاڭلىشىڭىزدا.

▲ بىر يۇرتتىكى ئالىملار بىلەن ئاياللارغا قاراپ، شۇ يۇرتنىڭ كېيىنلىكىگە باھا بەرگىلى بولىدۇ.

ــ تۇرامەت مۇھەممەتئىمىن

ئاپتور: گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزا تۇغبېشى كەنتىدە دېھقان

※ ※ ※

## مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم

▲ «مەڭگۈ» دېگەن سۆز ئۆلگەنلەرگىلا خاس، چۈنكى ئۇلار مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ.

▲ نىيىتى ئەگرى خوتۇننى ساقلىغىنىڭ، يىنىڭدا بومبا ساقلىغىنىڭ بىلەن ئوخشاش. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ھامان پارتلاپ جېنىڭنى ئالىدۇ.

▲ ھاياسىز كىشى ئېشەك، ھايالىق كىشى چېچەك.

▲ گۇمان ئادەمنى ئاسانلا ھەسەتخورغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

▲ بۈگۈن ھەيران قالغان ئىش ـ ئەتىكى رېئاللىق.

ــ ئابلەتجان شۈكۈر خۇش چاقچاق

ئاپتور كۇچا ناھىيە دوڭقوتان بازار لەڭگەر كەنتىدە دېھقان

▲ مەن بىر ئالىمنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىم توختىغىچە ئۆگىنىمەن، مېنىڭ تىنىقىم توختىغان كۈن مېنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەن كۈنۈم بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئوقۇغاندىم. ئۇزاق يىلدىن بۇيان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن. مېنىڭمۇ تىنىقىم توختىغان كۈن ــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن ئىبارەت بۇ چوڭلار مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن كۈنۈم بولىدۇ.

ــ نىجات يۈسۈپ ئوغۇزىي

ئاپتور: شىنجاڭ يەر ـ تېخنىكا نەشرىياتىنىڭ پېنسىيونېرى

## تەپەككۇر مەنزىلىدە ئويلىغانلىرىم

▲ ئەخلاق ــ دېموكراتىيە، قانۇن ــ دىكتاتورا.

▲ ھۆرۈن يەيدىغانغا نان تالىشىدۇ، ئىشچان ئىشلەيدىغانغا يەر.

▲ ئېغىزى بوشقا ئىچ سىرىڭنى ئېيتقىنىڭ ــ تۆشۈك چاقا يەل ئۇرغىنىڭ.

▲ باشقىلارنىڭ سۆزىنىڭ قارشىسىدىن چىققان ئادەم، بىر بولسا ئاقىللىقىدىن، بىر بولسا جاھىللىقىدىن.

▲ تاشقان قازاننى ياپقىلى بولماس، تارقىلىپ كەتكەن سۆز ـ ئۆسەكنى توسقىلى.

▲ بالاڭغا ئويۇنچۇقنى كۆپ ئېلىپ بەرگىنىڭ ــ ھەشەمەتچىلىككە ئۇل سېلىپ بەرگىنىڭ؛ كىتاب ئېلىپ بەرگىنىڭ ــ ئۇلۇغۋار كەلگۈسىگە يول ئېچىپ بەرگىنىڭ.

▲ تېرىككەك كىشىدىن سوئال سورىما، ئۇترۇقسىز كىشىدىن مەسلىھەت.

▲ ساپ نىيەتلىك كىشىنىڭ يۈزى قىزىرار،

▲ بەتنىيەتنىڭ كۆزى.

ــ ئابلىكىم غوپۇر

ئاپتور: ئۈرۈمچى كەسپلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتى 2007 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» سەھىپىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان

رومانىنىڭ خاتىمىسىگە ئوخشايدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» سەھىپىسىدىن تاللاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلسە دەيدىغان ئۈمىدىم بار.

▲ ئۇرۇمچى ھەرقانداق ئادەمنى قارشى ئالىدۇ، لېكىن ئۇزىتىپ قويمايدۇ.

▲ بىر ئىشقا زورمۇزور باش بولۇۋالساڭ، خۇددى نائەھلى، قارا قورساق ئىمامغا ئوخشاپ قالىسەن.

▲ ئۆزۈڭ توغرا دەپ قارىغان ئىشنى باشقىلارغا مەسلىھەت سالساڭ، بەزىدە ئۆزۈڭگىمۇ گۇمانلىق بوپقالىدۇ.

— ۋەلىيۇللا ئابدۇخالىق

---

ئاپتور: گۇچۇڭ ناھىيە كارىز يېزا شەرقىي كارىز مۇھاجىرلار كەنتىدە دېھقان

※ ※ ※

▲ ھاراق ئىككى نەرسىنى ھەدىيە قىلىدۇ: بىرى، ئۆلۈم، يەنە بىرى، لەنەت.

— ئابلاجان ئابلەت

---

ئاپتور: گۇچۇڭ ناھىيە ۋۇ ماچاڭ يېزا «قوش تىل» تەجرىبە مەكتىپىدە مۇئەللىم

▲ چېقىمچى بار يەردە جېدەل بېسىقمايدۇ.

— راززاق نىياز

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە پىچان بازار ماچاڭ ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

▲ سېنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئايرىلىش ئالدىدا كەچۈرمىگەن ئادەم مەڭگۈ كەچۈرمەيدۇ.

— ئادىل يۇنۇس ئوتتېكىن

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى سەنئەت مائارىپى فاكۇلتېتى گۈزەل سەنئەت مائارىپى2007- يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## توغرۇل تىنىقلىرى

▲ پۇلدىن باشقا ھەرقانداق نەرسە كۆپ بولسا ئەتىۋارى بولمايدۇ.

▲ كەمبەغەلنىڭ گېپى توڭ، باينىڭ گېپى چوڭ بولىدۇ.

▲ ئالدى- كەينىگە تولا ماڭغان ئادەمنىڭ ئىزى بولمايدۇ.

▲ قېرىلىق— تىنىپ كېتىۋاتقان دەريا- كۆل.

▲ «ئەتە»نى كۆپ تىلغا ئالغان ئادەم، بىر بولسا ھورۇن، بىر بولسا پۇرسەتپەرەس ئادەمدۇر.

▲ ئاناڭنى ئاتاڭدىن باشقا ئادەمنىڭ تىللىشىغا قاراپ تۇرما.

▲ گېپىڭنى گەپ ئەتمىگەنگە ئىشەنمە.

▲ قاراڭغۇدا يول ماڭساڭ قولۇڭدا چىراغ، بېلىڭدە پىچاق بولسۇن.

▲ ئۆزىگە ئىشەنچىسى يوق ئادەم مالاي، ئۆزىگە ئىشەنچىسى بار ئادەم خوجايىن بولىدۇ.

▲ بىر بالىغا ئاتا- ئانا بولمىغان ئادەمنى يەنىلا بالا دېگۈلۈك.

▲ ئىز باسارى يوق ئادەم— بالا- چاقىسى يوق ئادەمگە ئوخشايدۇ.

▲ ئاربلاشتۇرۇپ يېسەڭ ساقلىقىڭ، ئاربلاشتۇرۇپ دېسەڭ ئىناۋىتىڭ تېز يوقىلىدۇ.

▲ ئەل- يۇرتقا ئاپەت كەلسە، ئادەمنى بىرى، قان- قېرىنداش، چىن دوست، يەنە بىرى، قەرز ۋە دۈشمەنلىك بوپقالغان ئادەم بەك ئىزدەپ- سورايدۇ.

▲ بار نەرسىنىڭ قەدرىنى، يوق نەرسىنىڭ غېمىنى قىلالىغان ئادەم ئالدىراپ باشقىلارغا موھتاج بولمايدۇ.

▲ ئۆيۈم پاكىز بولسۇن دېسەڭ بوسۇغاڭنى پاكىز تۇت.

▲ يالغۇزلۇق ئۇسۇل- پىكىرنىڭ، نادانلىق ئۇرۇش- جېدەلنىڭ، ياۋاشلىق قول- نامراتلىقنىڭ ئانىسىدۇر.

▲ ئاقىل، سادىق دوستنىڭ ئاغزىدىن «ئۆگىنەيلى»، نادان، خائىن دوستنىڭ ئاغزىدىن «ئوينايلى» دېگەن سۆز كۆپ چىقىدۇ.

▲ پاكار ئادەم ئېگىزدە ئولتۇرۇشقا ئامراق.

— ئابدۇغەنى توختى توغرۇل

---

ئاپتور ئۈرۈمچى «توغرۇل» كىتابخانىسىنىڭ خوجايىنى

## تەپەككۇر تەرمەچلىرى

▲ بىلمىگەننى بىلدىم دەپ سالساڭمۇ، ئەمما كۆرمىگەننى كۆردۈم دەپ سالما.

▲ مەسئۇلىيەتسىز ئادەم— ئۆزى قىلىۋاتقان ئىش- ئوقەتنىڭ خائىنى.

▲ ئەقلى چولتا، ئىش كۆرمىگەن ئادەمنىڭ يىغىسىمۇ، كۈلكىسىمۇ تېز بولىدۇ.

▲ مەكتەپ— باشقىلار سېنى تەربىيىلەيدىغان، كۇتۇپخانا— ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ تەربىيىلەيدىغان جاي.

▲ ئاخىرى يىغىشتۇرۇلمىغان ئىشنىڭ كەينى بالا- قازا كېلىدۇ.

— مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى

---

ئاپتور كېرىيە ناھىيە خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ئوفىتسېر

## هاياتنىڭ بەتلىرى قالمىسۇن ئىزسىز

▲ ئەيىبىڭنى يوشۇرۇش، ئەقلىڭنى ئىشلىتىشنى بىلمىسەڭ، ئاخىرى يېگىلگەنلىكىڭنى بىلىپ قالىسەن.

▲ خەلقى ئۈچۈن سۆزلەشنى، ۋەتىنى ئۈچۈن ئۆلۈشنى بىلگەن كىشىلەرلا ھەقىقىي قەھرىمانلاردۇر.

▲ «ماقۇل» دەۋەرسەڭ قۇلغا ئايلىنىسەن،
«ياق»نى ئۆگەنسەڭ خوجايىنغا.

▲ سەن دۇنيانى چۈشەنگەندە ئالىمغا ئايلىنىسەن، سېنى باشقىلار چۈشەنگەندە ئادەتتىكى ئادەمگە.

▲ ئۆزۈڭنى يارىتىشنى بىلمەيدىكەنسەن، باشقىلار تەرىپىدىن يارىلىپ قالىسەن.

▲ ئىنسان، بىرى، ئىرىشىشكە، يەنە بىرى، ئىرىشتۈرۈشكە يارالغان.

— شەمسىقەمەر ئەبەيدۇللام

---

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرىدا يۇقرا

## تەپەككۇر ئۇرۇندىلىرى

▲ نامرات ۋاقىتتا ئەڭ باي.

▲ كىتاب ئوقۇمايدىغان كىشىنىڭ سۆزلىرىدىن مەنە ئىزدەش— ئەمادىن يول سورىغانغا ئوخشايدۇ.

▲ قىزلار مۇھەببەتكە ئىرىشسە كۆڭلى ئىچىلىدۇ، چۈشكۈنلەشسە كۆكسى.

▲ پۇل— ئىگىسى ئالمىشىپ تۇرىدىغان ھۆكۈمدار.

— مۇھەممەتئىمىن ياسىن

---

ئاپتور: خوتەن ناھىيە لاگرۇ يېزا ئەگرىساي كەنتىدە دېھقان

## تەنھا چوغلار

▲ سەندىن ئۆچ ئالمايمەن، بىراق سەندەك دوستتىن قەتئىي ۋاز كېچىمەن.

▲ پۇلنىڭ بىر تەرىپى پەرىشتىگە ئوخشىسا، يەنە بىر تەرىپى ئالۋاستىغا ئوخشايدۇ.

▲ يىقىلغانلىقىم ئۈچۈنلا يەرگە قاراشقا مەجبۇر بولدۇم.

— ئەركىن ئابدۇكېرىم تەنھا

---

ئاپتور: جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قەشقەر ۋىلايەت چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتى قاغىلىق ناھىيە چوڭ ئەترىتىدە ئوفىتسېر

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ مۇھىت بۇلغىنىش— تەرەققىياتنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن تۇغۇلۇۋەتكەن بالىسى.

▲ شىر ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، ئاڭسىز بولغانلىقى ئۈچۈن قاپقانغا دەسسىۋالىدۇ.

▲ دوستىڭىزنىڭ كۆزىدىن كەمچىلىكىڭىزنى، دۈشمىنىڭىزنىڭ كۆزىدىن ئارتۇقچىلىقىڭىزنى كۆرسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئەڭ تېز ۋە ئەڭ توغرا چۈشىنەلەيسىز.

— مۇھەممەتجان مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قانۇنشۇناسلىق 2008-يىللىق 2- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ بالاڭنى تېلېۋىزور بۇزۇۋاتسا غىڭ قىلمايسەنۇ، بالاڭ تېلېۋىزورنى بۇزۇپ قويسا چىچاڭشىپ كەتكىنىڭ قىزىق.

— ئابدۇلەتىپ ماموت

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزا شاھ كەنت جامەسىنىڭ ئىمامى

▲ باشقىلارنىڭ دۈشمىنىڭىزگە ئايلىنىپ قېلىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ سىزنى كۆرەلمىگەنلىكىدە، ياكى سىزنىڭ ئۇنى كۆرەلمىگەنلىكىڭىزدە.

— رەناگۈل ھاشىم سۇبھى

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى سىياسىي- قانۇن فاكۇلتېتى 2006-يىللىق 9- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەنھالىقتىكى تەپەككۇر

▲ سېنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىڭمۇ، ئەڭ يېقىن دوستۇڭمۇ ئۆزۈڭ، چۈنكى سەن دۇنياغا تەنھا تۆرەلگەن.

▲ بالىلىقتىكى بايلىقىڭ— ئاتا- ئاناڭ، ياشلىقتىكى بايلىقىڭ— سۆيگەن يارىڭ، قېرىلىقتىكى بايلىقىڭ— پەرزەنتىڭ.

▲ ئىنسابسىز رازى بولماس، قورقۇنچاق غازى.

▲ ھايۋان تاياق بىلەن تۈزىلەر ، ئادەم ساۋاق بىلەن.

— ئارزۇگۈل ئوبۇلقاسىم

---

ئاپتور قەشقەر شەھەر 1- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3- يىللىق 5- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ شەخسىيەتچى ئادەم ئاچقۇچلۇق پەيتتە خائىن بوپكېتىدۇ.

▲ ئۈمىدسىزلىك قۇللۇققا سۆرەيدۇ،
ۋاپاسىزلىق «تۇل»»لۇققا.

▲ كۆز— خۇسۇسىي رازۋېدچىك.

▲ ئوغرى بىر، گوماندار مىڭ.
▲ «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم»گە قەھرىمان كەتمەيدۇ، ئەقىللىق قوۋمغا ئەمىر- پەرمان.

— ئابلىمىت ئىبراھىم قىيان

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنىڭ پېنسىيەدىكى ئاشپىزى

※ ※ ※

▲ خارابىلىقتا يۈزلەنگەن قوۋمنىڭ ئەرلىرى بەڭگى- شارابخور، ئاياللىرى گىرىمكەش، غەيۋەتخور، باللىرى جىمىكى ئىللەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ھارامزادە بولىدۇ.

— ياسىن داۋۇت

---

ئاپتور: شايار ناھىيە 1- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1- يىللىق 8- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تىرەن جەۋھەرلىرى

▲ بىرگە ئىككىنى قوشسا ئۈچ، ئەقىلگە ساۋاقنى قوشسا كۈچ.
▲ سەپەرگە چىققانلىق— جاننى ئاللاغا ئامانەت قويغانلىق.
▲ ئادەمنىڭ توختالغان، ئىغىر- بېسىق ۋاقتىنى يېشىغا ئەمەس، تۇرمۇش ئوچاقلىرىدا تاۋلانغان كەچۈرمىشلىرىگە قاراپ بىل.
▲ گۈل چىرايلىق، تىكىنى بار؛ پۇل سۆيۈملۈك، خەتىرى بار.

— ئابدۇرېھىمجان مۇھەممەت تىرەن

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر سۇنتاغ يېزا شورۇق كەنتىدە دېھقان

※ ※ ※

▲ چىرايى ۋە گۈزەللىكىگە ئىشىنىدىغانلار چىرايىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىدۇ.
▲ تەپەككۇرسىز ئادەم— قاتۇرۇپ قويۇلغان ھەيكەل.

— ئابلەت مۇھەممەت

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە ھۈنەر- كەسپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە

▲ بىلىمگە تويماسلىق ئاقىلنىڭ، پۇل- مالغا تويماسلىق ئاچ كۆزنىڭ ئىشى.
▲ چوڭلارغا قىلغان ئەدەپسىزلىكىڭ، كەلگۈسىدە كىچىكلەردىن ئالىدىغان ئامانىتىڭ بوپقالىدۇ.

— ئايگۈل مۇھەممەت

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە ياقا يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2-يىللىق 1- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھېكمەت— مەنىۋى تاماق.
▲ بۇرۇن شائىرلىرىمىز مۇھەببەت داستانلىرىنى كۆپ، قەھرىمانلىق داستانلىرىنى ئاز يېزىپتىكەن. شۇڭا بىزدە ئاشىق- مەشۇقلار كۆپ، قەھرىمان- باھادىرلار ئاز ئوخشايدۇ.

— ئېلجان روزى ئويلان

---

ئاپتور: قورغاس ناھىيە سەنگۇڭ خۇيزۇ يېزىسىدا دېھقان

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ قۇيرۇقنى شىپاڭلاتقان ئىت ئىگىسىنىڭ كۆڭلىنى ئالالىغان بىلەن ئۇۋنى ئالالمايدۇ.
▲ ھايۋاننى سەمرىتكەن يەم (بوغۇز)، ئادەمنى قېرىتقان غەم.
▲ مەنسىپىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئابرۇيۇڭ ھەقىقىي ئابرۇيۇڭدۇر.
▲ «مەن نېمە بولدۇم؟» دېيەلىسەڭ، تۈزىلىسەن.

— ئابلىز روزى

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزىسىدا

## تامچىلار...

▲ شېكەرنىڭ تەمى تىل بىلەن بىلىنەر،
تىل(زابان)نىڭ تەمى دىل بىلەن.
▲ دەرد— ھەر كىمنىڭ شەخسىي ئارخىپى.
▲ ئادەمنىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرۇپمۇ تىلسىز سۆزلەشكىلى بولىدۇ.
▲ خەلق ناخشا- بېيتى— ئەجدادلار ھېكمىتى.
▲ تۇغقانلار ئارىسىدىمۇ يات كىشىلەر بولىدۇ.
▲ ئىنسان ئۆز خاتالىقىنى ھامان كېچىكىپ بايقايدۇ.

— شەۋكەت بەگبولدى

---

ئاپتور: تاجىك، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل- ئەدەبىياتى 2005-يىللىق 5- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تۇرمۇش ھەقىقەتلىرى

▲ تۇرمۇشتا دوستلارلا بولۇپ دۈشمىنىڭ بولمىسا، ھاڭۋاقتى، دۆت- كالۋا بوپقالاتتىڭ.
▲ بۇ دۇنيادا ئەڭ سۈرلۈك ئورۇنلار: سوت مەيدانى، جازا مەيدانى، ئىمتىھان مەيدانى،

ئوپېراتسىيە ئۆيى، قەبرىستان.
▲ پۇرسەت چاققاننىڭ، غەيرەت ياتقاننىڭ.
▲ ساپا ــ ئالەمگە ئۆرلەيدىغان شوتا.
▲ قورققاق ياش تۆكىدۇ، باتۇر مۇشت تۈگىدۇ.
▲ ئېتىلىپ قاۋىغان ئىتتىن، ئېسىلىپ سۇۋاشقان سەتەڭ يامان.
▲ قىران بۈركۈت كېچىدە ئۇچالمايدۇ، كېچە ئاسمىنىنى شەپەرەڭ قاپلايدۇ.
▲ ئادەمنىڭ بەلگىسى ــ ئادەمىيلىك، مۇھىم نۇقتىسى ــ ئەقىل، يارقىن نۇقتىسى ــ پەزىلەت، قىممىتى ــ قابىلىيەت.
▲ ئاياللار مېھىر ـ شەپقىتى، خۇلق ـ نازاكىتىدىن سۆيۈملۈك، ئەرلەر ئەقىل ـ قابىلىيىتى، سۈر ـ ھەيۋىتى بىلەن .
▲ كىتابنى نان، بىلىمنى دەرمان بىلسەڭ كۆڭلۈڭدىكى ئارمانغا يېتىسەن.
▲ بىراۋنىڭ تېنىنى بويسۇندۇرغىنىڭ زورلۇقىدىن، قەلبىنى بويسۇندۇرغىنىڭ ئىلمىدىن.
▲ باشقىلارنىڭ گىرىم، كىيىم، ئادىتىنى دورىغىنىڭ ھەشەمەت، ھەسەتتىن، بىلىم، ھۈنىرى، تېخنىكىسىنى ئۆگەنگىنىڭ تەرەققىيات ئۈچۈندۇر.
▲ ئۇرۇشقاق خوتۇن ئۆينىڭ ئاپىتى، ئۇرۇشقاق بالا مەھەللىنىڭ.
▲ بەڭگى (نەشىكەش) پۇرۇشىپ، پىيەنچۈك مارىشىپ تېپىشىدۇ.
▲ دېھقاننىڭ ھوسۇلى پۈتكۈل جاندارغا ئورتاق، سودىگەرنىڭ پۇلى غەللىگىلا.
▲ ئوپېراتسىيە ئۈستىلى ئامال بىلەن ئەجەل ئېلىشىدىغان جەڭ مەيدانى.
▲ جۈپ كۆزدىن دەرد ـ مۇسىبەت يۈرەككە پاتقاندا ياش چىقىدۇ، غەزەپ ـ نەپرەت تاشقاندا ئوت چىقىدۇ، غەلىبە ـ نۇسرەت قازانغاندا نۇر چىقىدۇ.
▲ ئاتا ـ قەلەم، ئانا ـ سىياھ، بالا ـ قەغەز.
▲ قەھىر ـ غەزىپىنى دۈشمىنىگە، مېھىر ـ شەپقىتىنى دوستىغا ۋاقتىدا ئىشلىتەلىگەننى دوست تۇت.
▲ بويتاق ئەر تۇل خوتۇنلارنى سانايدۇ، شەھۋەتخور ئەر چىرايلىقلارنى مارايدۇ.
▲ ئەڭ قاتتىق كۈن يوقسۇز چاغدا مېيت ئۇزىتىش، قاتتىق ئاغرىپ كېسەلخانىدا يېتىش.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى كۆپ ئوقۇپ پىكىر بالاغىتى، تەپەككۇر كارامىتى، تىل ياساھىتى، ھېكمەت ئالامىتىدىن چوڭقۇر ساۋاق ئالدىم.
▲ ھاراق زىياپىتىدە ئىلمىدىن سۆز قىلما، ھەمشىرىكلەرنىڭ سىرىنى ئاچما.
▲ كۆز ــ ئادىل گۇۋاھچى، قولاق بىلەن ئېغىز ئاغمىچى.
▲ ئادەمنىڭ ئەڭ شېرىن، تاتلىق ئەزاسى ــ تىل، ئەڭ سېسىق، ئاچچىق ئەزاسىمۇ يەنە شۇ تىل.
▲ دوستلار ئالدىدا خوتۇنۇڭنى ئەيىبلىمە، بالاڭنى ئەدەپلىمە.
▲ بۆشۈكتە «ئەللەي»، يوتقاندا چۆچەك، ئىشلىگەندە قوشاق، بوشىغاندا تېپىشماق ئاڭلىغان بالا ئۆزى ئەقىللىق، سۆزى تاتلىق، ئەدەپ ـ قائىدىلىك چوڭ بولىدۇ.
▲ سەزگۈر بولمىساڭ بالاغا، چاپقۇر بولمىساڭ كەينىدە، ئۆتكۈر بولمىساڭ كۈلكىگە قالىسەن.
▲ تېز سەمرىگەن ھايۋاننىڭ، ياش سەمرىگەن ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقا.
▲ مېۋىلىك دەرەخ زېمىنغا تەزىم ئېتەر، مېۋىسىز تېرەك زېمىنغا بوي كۆرسىتەر.
▲ سۇنى ئىسراپ قىلغانلىق ــ دېھقاننىڭ قېنىنى، ئۆزۈڭنىڭ نېنىنى ئىسراپ قىلغانلىق.
▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى قولۇمدا، ئاتا ۋەسىيىتى، ئانا نەسىھىتى، تۇرمۇش ھەقىقىتى، ھەكىم ھېكمىتى دىلىمدا.
▲ دوستۇڭنىڭ سىرىنى قۇلۇپلاشنى، دۈشمەننىڭ سىرىنى ئېچىشنى بىل.
▲ باللىق دەۋرىڭ ــ چېچەك پەسلىڭ، ياشلىق دەۋرىڭ ــ مېۋە پەسلىڭ، ياشانغان پەسلىڭ ــ مېۋىسىنى يەيدىغان مەزگىلىڭ.
▲ ئادەم ئۆز سۆز ـ ھەرىكىتى بىلەن دوستىنى دۈشمەن، دۈشمىنىنى دوست قىلىۋالىدۇ.
▲ ئەرنىڭ زوراۋانلىقى تەننى زېدە قىلىدۇ، ئايالنىڭ زوراۋانلىقى يۈرەكنى.
▲ ئىشچان ئىشلەپ ھۇزۇر ئالىدۇ، ھورۇن ئۇخلاپ.
▲ ياخشىلىق تاشتەك جايىدىلا قالىدۇ، يامانلىق شامالدەك ھەممىگە تېز تارايدۇ.

▲ ئائىلە تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى، جەمئىيەت تەربىيىسىگە كۆنمىگەن بالا تۈرمە تەربىيىسىگە كۆنىدۇ.

▲ ئەجىر- تۆھپىسى چوڭ بولغاننىڭ تەزكىرىسى تولۇق يېزىلىدۇ.

▲ ئىتنىڭ قاۋاپ كەلگىنىدىن، ماراپ كەلگىنى خەتەرلىك.

— ياقۇپ ھەمدۇللا

---

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيونېرى

## تەشۋىشلىك ئويلار

▲ ئالدىڭدىكى خۇشامەتچى- ئارقاڭدىكى ھەسەتخور.

▲ سىر ئاڭلىغۇچى- مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئارتىۋالغۇچى.

▲ كۆرگەنلا نەرسىگە قىزىقىش- بىرەر ئىشنى باشلىيالمىغانلىقنىڭ ئىپادىسى.

▲ پۇل- سەن ياكى ئۇ قول.

▲ كۆپكە تايانغان بىر بولسا ئاقىل، بىر بولسا ھورۇن.

▲ بىر كۈن- كۈندۈز: بىكار تەلەت بىلەن مەددىكارغا تەستە، ئوقۇغۇچى بىلەن ھۈنەرۋەنگە نورمال، تىجارەتچى بىلەن ئىزدەنگۈچىگە تېز؛ بىر كېچە: كېسەل بىلەن قاراۋۇلغا تەستە، دېھقان بىلەن ئوقۇتقۇچىغا نورمال، يېڭى توي قىلغانلار بىلەن ھورۇنغا تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ.

▲ ئانا سۈتى ئەممىگەن بوۋاق- پارنىكتا ئۆسكەن مايسىغا ئوخشايدۇ.

▲ ھېچكىم ماڭمىغان يەردە يول بولمايدۇ، سېنىڭ ماڭماقچى بولغىنىڭ- يول ئاچماقچى بولغىنىڭدۇر.

▲ يالغان سۆز- ئاڭلىغاننى دېيىشتىن باشلىنىدۇ.

▲ ئەخلاقتىن چىققان قانۇنغا تۇتۇلىدۇ، قانۇندىن چىققان دارغا ئېسىلىدۇ.

▲ سىنىلىپ باققان قىز- چىشلەپ قويغان ئالمىغا ئوخشايدۇ.

▲ ۋاز كەچكەن كۆڭۈل- ئۆزۈڭنى بىر قېتىم چۈشەنگەن كۆڭۈلدۇر.

▲ نەزەربىيە- ئەمەلىيەتنىڭ قېلىپى.

▲ ھاياجان- سىرنىڭ يوچۇقى.

▲ ياراشقان كىيىم- تەبىئىي گىرىم.

▲ قاناتنىڭ قەدرىنى قەپەسكە كۆنۈككەن ئۆي قۇشلىرى ئەمەس، بەلكى كۆكتە پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن ياۋا قۇشلار ھەقىقىي بىلىدۇ.

▲ ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمىگىنى بىلەن جادۇ كېسىدۇ.

▲ ۋاقىت تەجرىبىدە چېچەكلەپ، تەپەككۇردا مېۋە بېرىدۇ.

— تۇرسۇن قاسىم

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنت قارىياغاچ مەھەللىسىدا دېھقان

※ ※ ※

▲ بۇزۇلۇۋاتقان قىز- تۈگىشىۋاتقان بىز.

— ئابدۇمەھمۇت مەنسۇر

---

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى دورىگەرلىك كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۇيغۇرۇم، قىز- ئاياللىرىمىزنىڭ ئۇچىسىغا ئارتقان ئەتلىسى شۇنچىلىك يارىشىدۇكى، بۇنى كۆرگەن تورمۇ غولاچلاپ كەرگەن قانىتىنى يىغىۋالىدۇ، بۇنىڭ مىسالى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2009- يىل 3- سانىنىڭ مۇقاۋىسىغا بېسىلغان «گۈل»دۇر.

— ئابدۇغوپۇر ئابدۇرەھمان

---

ئاپتور: غۇلجا شەھەر 7- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3- يىللىق 4- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تولغاق ئازابى- ھەربىر ئادەمزاتقا ياراتقۇچىنىڭ يارىتىش ھېكمىتىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈندۇر.

▲ «ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي» ئەمەس، ئۆزۈڭنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىل.

▲ مۇكەممەل ئادەم بولۇش تەس، ئەمما ياخشى ئادەم بولۇش مۇمكىن.

▲ سېنىڭ بىراۋغا باغلىنىپ قېلىشىڭ، بىر بولسا، ئۇنىڭ ئالدىدىكى چوڭ تىل قىسىنچىلىقىڭدىن، بىر بولسا، ئەقىدەڭنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن.

▲ بەختسىز بوپقېلىشىڭنىڭ بىر سەۋەبى- ئۆزۈڭنى بەك چوڭ تۇتقانلىقىڭدىن.

▲ نامى بۇلغىنىش- تىرىك ئۆلۈش دېمەكتۇر.

www.uyghurkitap.com

▲ سەن مېنى كۆزگە ئىلمايسەن، مەن ئۇنى، تەقدىر بىزنى شۇنداق سىنايدۇ.

▲ مەن ساڭا ئەقدە قىلىپ كەلدىم، سەن پەرۋاسىز؛ ئۇ ماڭا ئەقدە قىلىپ كەلدى، مەن بىپەرۋا، شۇڭا بىز ھاياتتىن خۇشاللىق تاپالمايمىز.

▲ كاللاڭدىن «ئۆلۈش» دېگەن ئاڭ يوقالدىمۇ؟! ئۇنداقتا، خالىغىنىڭنى قىل!!!

▲ تىرىكلەرنىڭ قەدرى بولمىغان يەردە، ئۆلۈمنىڭ قەدرى نېمە قىلسۇن؟!

ــ ئامانۇللا ھېزبۇللا

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە جايتېرەك يېزا توگتاش كەنتىدە دېھقان

▲ بىز ئاتا ـ ئانىمىزدىن ئۆتمۈشنى، ئاتا ـ ئانىمىز بىزدىن كېلەچەكنى كۆرىدۇ.

▲ ھاياسىز ئادەم ــ پاسىق، ۋاپاسىز ئادەم ــ زالىمدۇر.

ــ ماھنۇر ئابدىلىم

---

ئاپتور: شىنجاڭ زامانىۋى كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى پەرۋىش كەسپى 2006 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئارزۇ تىنىقلىرى

▲ ئادەمنىڭ ياخشى ـ يامان ھەرىكەتلىرىنى تارقىتىدىغانلار ــ قورۇق باردى ـ كەلدىسى تولا ئادەملەردۇر.

▲ تېز پۈتمىگەن ئىشقا شەيتان ئارىلىشىدۇ.

▲ قوللىغۇچىلىرىنىڭ كۆپەيگەن يەردە، دورىغۇچىلىرىنىڭ بىلەن ئورا كولىغۇچىلىرىڭمۇ تەڭ كۆپىيىدۇ.

▲ ھەرقانداق كىشى بىر پۈتىنى گۆرگە ساڭگىلىتىپ قويۇپ ماڭغۇچىدۇر.

▲ نىشانسىز ياشاش ــ ئۆزىنى يوقىتىپ ياشاشتۇر.

▲ بىر دوستۇم ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: ئادەمنىڭ ئۆلۈشى ئۈچ خىل بولىدۇ: بىرى، تىنىقى توختاپ قېلىش، ئىككىنچىسى، ساراڭ بوپقېلىش، ئۈچىنچىسى، تۈرمىگە كىرىپ قېلىش.

▲ جاپاپىڭنىڭ ئەڭ قاتتىقى كىشىنىڭ يۇرتىدا، راھىتىڭنىڭ ئەڭ تاتلىقى ئۆز ئۆيۈڭدە بولىدۇ.

▲ باشقىلاردىن دائىم گۇمانلىنىدىغان ئادەم ــ بىرى، يامان ئىشلارنى كۆپ كۆرگەن، يەنە بىرى، يامان ئىشلارنى كۆپ قىلغان ئادەمدۇر.

▲ ئۈمىد ــ چۆلدىكى دەرەخنىڭ سۇ ئىچىشى.

▲ ئۈمىدسىزلىك ــ ۋاز كېچىش.

▲ ئەرنىڭ ھۇرۇنلۇقى ئايالنى، ئايالنىڭ ھۇرۇنلۇقى پۈتۈن ئائىلىدىكى ئادەم ۋە نەرسىلەرنى قېرىتىدۇ.

▲ ئۆزۈڭ سۆيگەن نەرسە ــ گۇمانسىز(پاك)دۇر.

▲ ساختا سۆيگۈ قىمارغا ئوخشايدۇ، بىر تەرەپ پايدا ئېلىپ، بىر تەرەپ زىيان تارتىدىغان.

ــ مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى داۋۇد ئۇيغۇرزادە

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنتىدە دېھقان

## روھ بەرگى

▲ ھاياتىڭنىڭ قىممىتى، سەن قانچىلىك مەنىگە ئېرىشەلىگەنلىكىڭ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

▲ سەممىيەت ــ مەڭگۈلۈك قەدرىيەت.

▲ ھايا ــ غۇرۇرنىڭ جۇلاسى.

▲ ئۆز ئاجىزلىقىڭنى ئۆزۈڭ بايقىيالمىساڭ، باشقىلارنىڭ ئۆشنەڭگە مىنىپ بولغانلىقىنى كۆرىسەن.

ــ ئابلەت مۇھەممەت كۈيزار

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئالامەت يېزا سوگەتلىك كەنت پاشالىق ھويلا مەھەللىسىدە دېھقان

※ ※ ※

▲ ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزۈڭدىن باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسەن.

ــ بەھرىنىساقىز ئادىل دىلەفكار

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە «ياشلار» ماي زاۋۇتى يېنى كادىرلار مەھەللىسى 3 ـ كوچىدا

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت، كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن



# ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك

**— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى»**
**سەھىپىسىدىكى كۆچۈرمىكەشلىك ۋە ئوخشاشلىقلار**

▲ تىل يالغاننى سۆزلىسە، كۆز راستنى سۆزلەيدۇ.

— ئابدۇۋەھھاب جەلىل

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006-يىل 3-سان 58-بەت

▲ ئېغىز يالغان سۆزلىسە، كۆز ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

— تۇرغۇن ئەمرۇللا

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007-يىل 1-سان 51-بەت

▲ خاسلىقنىڭ — دەل قىممىتىڭ.

— ئەسقەر ھوشۇر

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2008-يىل 5-سان 61-بەت

▲ خاسلىق — قىممەت.

— يۇسۇپجان مۇھەممەت

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2009-يىل 2-سان 59-بەت

▲ ئەقلى كەمنىڭ بەختى كەم.

— ئىمىن تاجى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006-يىل 1-سان 19-بەت

▲ ئەقلى كەم — بەختى كەم.

— ئابلەت روزى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2009-يىل 3-سان 59-بەت

▲ تۇرمۇش ھەم ئۆگىتىدۇ، ھەم تۆگىتىدۇ.

— ئىمام بارات

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006-يىل 2-سان 48-بەت

▲ تۇرمۇش ساڭا ئۆگىتىدۇ، ھەم سېنى تۆگىتىدۇ.

— شەۋكەت بەگبولدى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007-يىل 3-سان 50-بەت

▲ ساڭا بېرىلگەن باھانىڭ قانداقلىقىغا قارىماستىن، قانداق ئادەمنىڭ باھا بەرگەنلىكىگە بەكرەك دىققەت قىل.

— ئابدۇلېتىپ روزىنىياز

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2005-يىل 4-سان 26-بەت

▲ باشقىلارنىڭ ساڭا بەرگەن باھاسىغا ئەمەس، بەلكى قانداق كىشىنىڭ ساڭا بەرگەن باھاسىغا دىققەت قىلغىن.

— ئابلاجان ئابلەت

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006-يىل 3-سان 50-بەت

▲ ئاش-تاماقتا مەقسەت-مۇددىئا يوشۇرۇش، مەلۇم مەنىدىن، ئاش-تاماقتا زەھەر سالغانغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

— مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2008-يىل 5-سان 57-بەت

▲ ھازىر بەزى تاماقلارغا زەھەر ئارىلاشمىغىنى بىلەن غەرەز ئارىلاشقان.

— قەلبىنۇر سېيىتنىياز چاقماق

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2008-يىل 6-سان 55-بەت

▲ بىز ئەرلەر پاكلىقنى ئاياللاردىنلا تەلەپ قىلىدىكەنمىز... بىراق بۇ شەرتنى ئۆزىمىزگە قويمايدىكەنمىز.

— جالالىددىن بەھرام: «لېيغان بۇلاق»، 4-قىسىم 509-بەت، 1997-يىل 1-نەشرى 1998-يىل 1-بېسىلىشى

▲ ئەرلەر ئاياللىنىڭ پاك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ پاك ياكى پاك ئەمەسلىكىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ.

— ئابابەكرى ئابدۇقادىر تەنھا

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2005-يىل 3-سان 20-بەت

▲ سۆيگەن يارىڭنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەكچى بولساڭ، بىرى بازارغا، يەنە بىرى، كىتابخانىغا باشلاپ كىر.

— ئابدۇغەنى توختى توغرۇل

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2008- يىل 2- سان 44- بەت.

▲ بىر قىزنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىر قېتىم بىللە بازار ئايلىنىشلا كۇپايە.

— ئابلەتجان شۇكۇر خۇش چاقچاق

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2009- يىل 4- سان 54- بەت.

---

سىلىشتۇرۇپ دەلىللىگۈچى: ئۇرۇمچى «توغرۇل» كىتابخانىسىدىن

**ئابدۇغەنى توختى توغرۇل**

www.uyghurkitap.com



# ئاپىڭىز تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن...

مۇھەممەت ھۇسەن

1

شۇنداق بولدۇ. شۇ كۈنى، تىنىقسىز ياتقان ئاشۇ نۇرانە چىرايىغا قايتا- قايتا تاشلىنىسىز، ئۆپكىڭىز ئۆرۈلدۇ. بىر بۇلۇڭدا يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئاتىڭىز ئۈنسىز بوزلايدۇ. يۈرىكىڭىزگە تۇز سېپىلدۇ. ئاچا- سىڭىللىرىڭىز ياقا يىرتىپ، ئەس- ھوشنى يوقىتىدۇ. ئەر يېتىپ تېمىم ياش تۆكمىگەن ئاكا- ئىنىلىرىڭىز ئۆزىنى ھەريانغا ئۇرۇپ نالە قىلىشىدۇ. ئۇرۇق- تۇغقان، يېقىن- يۇرۇقلار سىز ئۈچۈن پەرۋانە بولۇشىدۇ. پەتىچىلەرنىڭ تەسەللىلىرىمۇ قۇلىقىڭىزغا كىرمەيدۇ...

دەل شۇ كۈنى، سىز ئادەتتە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيدىغان «جامائەت» دەپ ئاتىلىدىغان بىر توپ كىشى كۆزىڭىزگە تولىمۇ ئىسسىق كۆرۈنۈپ كېتىدۇ.

2

شۇنداق بولدۇ. خېلى كۈنگىچە ئاپىڭىزنىڭ ئۆز يۈرەك پارىلىرىنى تاشلاپ، كەلمەسكە كېتىدىغىنىغا ئىشەنمەي يۈرىسىز. قارا بېسىۋاتقاندەك، ئويغانسىڭىزلا ئاپىڭىز تىرىكتەك ھېس قىلىسىز...

نەگىلا بېقىڭ شۇ سىيما كۆز ئالدىڭىزدا زاھىر بولىدۇ. بىراق، تۇتالمايسىز. يۈرىيالمايسىز... شۇنداقتىمۇ تىنىمسىز ئىزدەيسىز. ئاشخانا ئۆيدىن، باغدىن، كوچىدىن، قوشنىلاردىن... ئاتىڭىزدىن، قېرىنداشلىرىڭىزدىن سورايسىز. ئۇلار سىزنى قۇچاقلاپ ئېسەدەيدۇ. سىلەربىر بېسىپ- ئىككى بېسىپ ئاپىڭىزنىڭ تۇپراق بېشىغا كېپقالىسىلەر...

3

شۇنداق بولدۇ. كۈنلەر، ئايلار شۇ تەرزدە ئۆتىدۇ...

بىر يەرلەردىن قايتىپ كېلىسىز. ھەر قېتىمقىدەك دەرۋازا ئالدىدا سىزنى ساقلاپ تۇرىدىغان شۇ ئىللىق چىرايىنىڭ يوقلۇقىنى بايقايسىز. تېنىڭىز تىترەپ، يۈرىكىڭىزگە يىغا ئولىشىدۇ. سەيناغا كىرىسىز، ئاتىڭىز يالغۇز، ھەممە ئۆيگە بىر- بىرلەپ باش تىقىپ چىقىسىز...

بىر كۈنلەردە ئاتىڭىزنىڭ قېشىدا يوچۇن بىر ئايالنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرىسىز. دەماللىققا نېمىدەپ ئاتاشنى بىلمەي قىينىلىسىز. ئۇ ئايال پەقەت كۆزىڭىزگە سىغمايدۇ. ئاپىڭىز تۇتقان نەرسىلەرنى تۇتسا، ئىشلەتكەن نەرسىلەرنى ئىشلەتسە غۇزۇردە ئاچچىقىڭىز كېلىدۇ. ئۇ ئايالغا دوق قىلىسىز. بەزىدە ئاتىڭىز بىلەن ئۇنى- بۇنى دېيىشىپمۇ قالىسىز. ئۇرۇق- تۇغقان، قولۇم- قوشنىلار سىزگە نەسىھەت قىلىشىدۇ...

بارا- بارا سىز ئۇ ئايالنىمۇ بۇ ئۆيدە ئاچا- سىڭىللىرىڭىز، كېلىن- كۈيئوغۇللارنىڭ ئالدىدا چوغقا دەسسىگەندەك كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز...

4

شۇنداق بولدۇ. كوچا- كويلاردا بوي- بەستى ئاپىڭىزغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرەر ئايالنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز، يۈرىكىڭىز «جىغ» قىلىپ قالىدۇ. «ئاپا» دەپ ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالىسىز. ئارقىسىدىن خېلى بىر يەرگىچە ئەگىشىسىز. بىرەر ئايالنىڭ ئاۋازى، يول مېڭىشلىرى، يۈزىدىكى بىرەر تال مېڭى، ھەتتا ياغلىق چېگىشلىرى ئاپىڭىزنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ قالىدۇ. ئۇزاق سەپسالىسىز...

قولۇم- قوشنىلىرىڭىز، ئاپىڭىزنىڭ دوستلىرى سىزنى كۆرگەندە بىر يېرىڭىزنى ئاپىڭىزغا ئوخشىتىپ كۆز يېشى قىلىشىدۇ. پېشانىڭىزگە سۆيۈشىدۇ.

5

شۇنداق بولدۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئاتىڭىز بىلەن دېيىشەلەيدىغان گېپىڭىزنىڭ نەچچە مىنۇتتىن ئاشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىسىز. قېرىنداشلىرىڭىزمۇ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايۋاتقاندەك، ئاراڭلاردا نېپىز بىر قەۋەت پەردە پەيدا بولۇپ قالغاندەك بىلىنىدۇ. كۆڭلىڭىزدىكى گەپلىرىڭىزنى، دەردلىرىڭىزنى بىرەرسىگە دېيەلمەي ئېسىلىسىز. ئاپىڭىز بار كۈنلەرنى، دېيىشكەن گەپلەرنى، قىلغان شوخلۇقلىرىڭىزنى ئەسلەيسىز، سېغىنىسىز، كىرپىكلىرىڭىز نەملىشىدۇ...

شۇنداق بولدۇ. شۇ كۈندىن كېيىن دىلدىن چىقىرىپ بىر كۈلگەنلىكىڭىزنى ئەسلىيەلمەيسىز. شۇنچە كۆپ ئادەم، شۇنچە يالغۇزلۇق ھېس قىلىسىز.

شۇنداق بولدۇ. شۇ كۈندىن كېيىن ئاتىلارنىڭ «ئاپا كەتتى، ھەممە كەتتى» دېگەن سۆزىنى تولا زىكىر قىلىدىغان بوپقالغانلىقىڭىزنى سەزمەيلا قالىسىز.

2008- يىل ئىيۇن، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئاگرونومىيە ئىنستىتۇتىدا زىرائەت ئېكولوگىيىسى بويىچە 2006- يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانت

## جۇدالىق زارى




## ئىككى خىل پوزىتسىيە

تېلېۋىزىيىدىن چەت ئەللەر ياكى تەيۋەندىكى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ يىغىنلاردا ئەدەپ - قائىدە دېگەننى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ تىللىشىپ، ھەتتا مۇشتلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز. بۇنى كۆرۈپ ئۇلاردىكى دېموكراتىيە دەسلەپتە كۆزۈمگە سىغمىغانىدى. چۈنكى بىزنىڭ قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىمىز يىغىندا ئەدەپلىك ۋە مۇلايىم ئىدى.

بىراق يېقىنقى يىللاردىن بېرى مېدىيىلەردىن بىزدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە مۇلايىملىقىدىن يىغىن - قۇرۇلتايدا تەپ تارتماستىن ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرىدىغان بولدۇم. ئاشۇنداق ھەيۋەتلىك يىغىن - قۇرۇلتايدا ئەل - ئاۋامنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقلىرىنى زىممىسىگە ئالغان خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خىرامان ئۇخلاپ ئولتۇرۇشى، پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ يىغىندا ئۇرۇشۇپ كەتكىنىدىنمۇ قورقۇنچلۇق ۋە پاجىئەلىك ئىشتە! شۇڭا، بولسا، قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تەكلىپ لايىھىلىرى ئۈستىدە تالىشىپ، ئۇرۇشۇپ كەتسىكەن دەيمەن. چۈنكى، بۇنىڭدىن ئەڭ بولمىغاندا يىغىن - قۇرۇلتايدا نېمىنىڭ مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن قانداق نەتىجە چىقىرىلغانلىقىنى، قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىنى قەدىرلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ - دە! يىغىندا قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ ئۇخلاپ ئولتۇرۇشى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى قاتنىشىۋاتقان يىغىن بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق «رېزىنكە تامغا»لار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

---

لى شۈمىن ئىمزاسىدىكى بۇ قىسقا مۇلاھىزە«فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2009 - يىل ئاۋغۇست ( ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانىغا بېسىلغان. **قاسىمجان ئابلىمىت** تەرجىمىسى. تىلماچ: خېجىك (خوتۇنسۇمۇل) ناھىيە رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ خادىمى. ماۋزۇ تەرجىمە مۇھەررىرى تەرىپىدىن قويۇلدى.

تەرجىمە كۆزنىكى

www.uyghurkitap.com

## بىر تامچە ھەسەل

بىر يولۇچى كېتىۋېتىپ شەيتانغا يولۇقۇپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن نېمىشقا جاھاندىكى جىمى رەزىللىكنى قىلىدىغانلىقىنى ئاغرىنىپ تۇرۇپ سوراپتۇ. ئۆزىنىڭ ئۇۋالچىلىققا قېلىۋاتقانلىقىغا چىدىمىغان شەيتان ھېلىقى يولۇچىغا دەپتۇ:

ــ بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرسىلا ، جاھاندا زادى كىمنىڭ رەزىللىك قىلىۋاتقانلىقىنى ھېلىلا بىلىپ قالىدىلا!

شۇنىڭ بىلەن شەيتان ئادەم سىياقىغا كىرىپ يانىدىكى دۇكاندىن ئازراق ھەسەل سېتىۋېلىپ، ئۇنى دۇكاننىڭ ئىشىكىگە سۇۋاپ قويۇپتۇ ۋە ئۆزى غىپپىدە دالدىغا مۆكۈۋاپتۇ. ھەسەل سۇۋالغان ئىشىككە ھەش-پەش دېگۈچە چىۋىنلار غۇژژىدە ئولۇشۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن يوغان بىر ئۆمۈچۈك چىۋىنلارغا قاراپ ئېتىلىپ كەپتۇ. ئارقىدىن بىر قۇش ئۆمۈچۈككە تاشلىنىپتۇ. شۇ چاغدا يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئوۋچىنىڭ بىلىكىدىكى بۈركۈت ھېلىقى قۇشنى ئولجا ئالماقچى بولۇپ، ئىشىككە قاراپ ئوقتەك ئۇچۇپتۇ. بۈركۈتنى قورغۇيمىكىن دەپ قالغان دۇكاندار تارازا تېشىنى بۈركۈتكە قارىتىپ ئېتىپتىكەن، بۈركۈت شۇ يەردىلا تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئوۋچى دۇكاندارنى دۇمبالىغىلى تۇرۇپتۇ. ئاڭغىچە ساقچى كېلىپ دۇكاندارنى ئېلىپ مېڭىپتۇ.

شەيتان بۇ ھالنى كۆرۈپ تۇرغان يولۇچىغا دەپتۇ:

ــ ئەمدى چۈشەنگەنلا؟ مەن ئىشىككە پەقەت بىر تامچە ھەسەللا سۈركەپ قويدۇم، خالاس!

---

زېك شاگېۋ قەلىمىدىكى بۇ پارچە «ئىلھام ۋە پاراسەت»ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىل 7 ـ سانىغا بېسىلغان.

## پىكىر چەشمىلىرى

▲ جاھاندارچىلىقتا بەزىلەر ئىقتىدارىغا تايانسا، بەزىلەر پۇرسەتپەرەسلىككە تايىنىدۇ، يەنە بەزىلەر يۈز-ئابرويىغا.

▲ يوللىرىڭنى توسايدىغىنى قېلىن تام ئەمەس، بەلكى يۈرەكلەر ئارىسىدىكى كۆرۈنمەس پەردىلەر.

▲ مەشھۇر زاتلار ئالدىدىكى بىر توپ «ھە-ھۇ»چىدىن قايسىسىنىڭ سەممىي قوللىغۇچى، قايسىسىنىڭ ئالا كۆڭۈل ــ تەخسىكەش ئىكەنلىكىنى ئايرىيالماي ھەسرەتتە قالىدۇ.

▲ بۇرۇن سۈكۈت ئارقىلىق نارازىلىق ۋە ئېتىرازنى ئىپادىلەيتتى. بىراق كىشىلەر قايىللىقى، ئىتائىتى ۋە رايىشلىقىنى سۈكۈتلىرىدە ئايان قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتتى.

▲ تۈزۈم بولمىسا ھىماتسىز قالىسەن، تۈزۈم بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھېيقىش بولمىسا تۈزۈمسىزلىكتىنمۇ بەتتەر ئاقىۋەتكە قالىسەن.

---

جاڭ فېڭ قەلىمىدىكى بۇ ھېكمەتلەر «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2009 ـ يىل ئاۋغۇست (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانىغا بېسىلغان. يۇقىرىقى ئىككى پارچە ئەسەرنىڭ تەرجىمانى ئابدۇقەييۇم ئوبۇلقاسىم. تىلماچ: خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدە مۇئەللىم

## كەم بولۇۋاتقىنى پۇل ئەمەس، بەلكى ئادەمىلىك

يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بىر ئايال ئارتىس تېلېۋىزىيە ئېلانىدا بىرمۇنچە دورىنىڭ شىپالىق رولى ھەققىدە سۆزلىدى. بۇ ئارتىسنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئىلگىرى چىش مىلىكى سىزىش دەمدۇ، چىش ئەتراپى ياللۇغى دەمدۇ، رېماتىزىم دەمدۇ، ئۆپكە ئىششىقى دەمدۇ، بەدەن ئۇيۇشۇش دەمدۇ، جىگەر ياللۇغى دەمدۇ، يۈرەك ۋە بۆرەك زەئىپلىشىش دەمدۇ... ئىشقىلىپ نۇرغۇن كېسەل بىلەن جىق ھەرەج تارتىپ، ھەتتا مىدىرلىيالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغانىكەندۇق. ئۆز ئاغزى بىلەن ماختىغان ئاشۇ دورىلارنى يېگەندىن كېيىن ساقىيىپ كېتىپتۇدەك. «ئەسلىدە بىر كېسەل كۆرپىسكەندە بۇ ئارتىس خوتۇن» دەپ چاقچاق قىلىشتى بەزى تورداشلار.

بۇ ئەلۋەتتە ھېلىقى ئارتىسنى سۇندۇرغانلىق. ئەمما ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر: «ئارتىس بولغاچقا رول ئېلىۋاتىدۇ، رول ئالغۇچىنىڭ گەپلىرىگىمۇ ئىشەنگۈلۈكمۇ؟» دېيىشتى. بۇ گەپ خېلى ئورۇنلۇقتەك قىلىدۇ. شۇڭا كىنو ۋە تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىكى گەپلەرنى راست دەپ قالغانلار يا ساراڭ، ئەڭ بولمىغاندا گالۋاڭ. بىراق، ئېلان دېگەن تېلېۋىزىيە فىلىمى ئەمەستە! غەرب ئەللىرىدە داڭلىق شەخسلەر ئېلانغا تەكلىپ قىلىنسا، ئۇ بۇ تەكلىپنى ئېلان قىلىنماقچى بولغان مەھسۇلاتنى ئىشلىتىپ كۆرۈپ باقمىغۇچە ئېلانغا چىقىشقا

پىتىنالماسىمىش. ناۋادا ئېلاندا دېيىلگەن گەپلەر كۆپتۈرۈۋېتىلگەن بولسا، ئۇ كىشى قانۇن بويىچە جاۋابكارلىققا تارتىلارمىش، ھەتتا تۈرمىگە قامىلارمىش.

جۇڭگودا ئادەتتە مۇلايىملىق، رەھىمدىللىك، ئەدەپ-ئەخلاق، ئاددىي-ساددىلىق ۋە كەمتەرلىك تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئەمما، ئارتىسلارغا كەڭ قورساق. مىسالەن، ئۇلار ھەرقانچە كەتكۈزۈپ قويسىمۇ خانىۋەيران بوپكەتمەيدۇ، ھەتتا «مال-دۇنيانى سېلىپ بېرىش بەدىلىگە بالا-قازادىن ئامان قالدىم» دەپ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزالايدۇ.

بۇنداق كەڭ قورساقلىقنىڭ ئاقىۋىتى شۇكى، ئارتىسلار يامان ئۆگىنىپ قېلىپ، رولىنى ئېلىۋېرىدۇ؛ يالغان-ياۋىداقلىرى بىلەن ئەل-ئاۋامنى ئالداۋېرىدۇ؛ ئەخلاقىي ۋە قانۇنىي جاۋابكارلىق دېگەنلەردىن پەرۋايى پەلەك يۈرۈۋېرىدۇ.

ئارتىسلار قولىنىڭ قىسقىلىقىدىن ئاشۇنداق ئېلانلارغا چىقىۋاتامدىغاندۇ؟ شۇنداقمىكىن دېسە، ئۇلاردىنمۇ نامرات تۇرۇپ ئېلانغا چىقىشنى رەت قىلىۋاتقانلار بارغۇ؟!

(سىچۈەن) ۋېنچۈەندىكى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى كىچىك قەھرىمان لىن خاۋ ھەممەيلەننىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك. سەككىز-توققۇز ياشلىق شاكىچىك بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ۋە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 2009-يىللىق چاغانلىق سەنئەت كېچىلىكىگە ئىشتىراك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ «باھاسى» بىراقلا ئۆسۈپ كەتتى. بولۇپمۇ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى تۆت شىركەت لىن خاۋنىڭ دادىسى لىن دانى لىن خاۋنى ئېلانغا چىقىرىش مەقسىتىدە ئىزدەپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئويۇنچۇق ياسايدىغانلارمۇ، باللار كىيىمى تىكىدىغانلارمۇ، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەيدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا لىن ئائىلىسىدىكىلەر ھۆكۈمەت تىكىپ بەرگەن چېدىردا تۇرۇۋاتاتتى. لىن خاۋنى ئېلانغا چىقارماقچى بولغانلار بېرىدىغان پۇل نەچچە يۈز مىڭ، ھەتتا مىليون يۈەندىن ئاشاتتى. بۇنچە جىق پۇل لىن خاۋلارغا نىسبەتەن خەجلەپ تۈگەتكۈسىز بايلىق ئىدى. بۇ سودىگەرلەرنىڭ بەزىلىرى لىن خاۋنى ئۆزلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۆمۈرۋايەت تەمىنلىمەكچىمۇ بولۇشتى. ئەمما لىن دا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئوغلۇمنىڭ ‹ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قەھرىمانى› دېگەن نامىنى سېتىپ يېگۈم يوق. ئائىلەمنى ئىككى بىلىكىمگە تايىنىپ بېقىپ كېتەلىشىمگە ئىشىنىمەن». شۇنداق قىلىپ لىن دا ھازىرغىچە نەچچە مىليون يۈەنلىك ئېلاننى رەت قىلدى. ئەجەبا لىن ئائىلىسى پۇلغا شۇنچىۋالا ئۆچمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ يېنى بەك تومmu؟ ياق! مۇھىمى، لىن ئائىلىسىدىكىلەر ئاق-قارىنى پەرق ئېتىشنى ئوبدان بىلىدىغان ئىنساپلىق كىشىلەر. لىن دا ئوغلىنىڭ «قەھرىمان» نامى بىلەن ئۇنۇمىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىغان ئالللقانداق مەھسۇلاتلارنى ماختاپ تۆپە-تېشىدىن پۇل تېپىشنى ئەمەس، بەلكى ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ ياشاش يولىنى تاللىغانلىقى دەل مۇشۇ ۋەجىدىن. دۇرۇس، بۇ ھال لىن ئائىلىسىنى غورىگىل ياشاشقا مەجبۇر قىلغىنى بىلەن لىن خاۋ پاكلىقىنى قوغداپ قالالايدۇ؛ لىن خاۋغا كىشىلىك قەدىر-قىممەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ، تاغاردا بىر پۇل خەجلەپمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدىغان قەدىر-قىممەت ئېڭى، ئەلۋەتتە.

يەنە مىسالەن: مۇسكۇل يىگىلەش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان جاڭ فامىلىلىك ئاكا-ئۇكىلار مىڭبىر جاپادا «ناۋادا ئۈچ كۈن ماڭالىغان بولسام» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىقتى. يېقىندا دوستلىرىنىڭ ھىممىتى بىلەن بېيجىڭ شەھىرىدە «پىڭچىڭ» ئىنتېرنېت دۇكىنى ئاچتى. ئىلگىرى ئۇلار بىر مەزگىل ناھايىتى كوناـ ئەسكى تاملىق ئۆيدە ئىجارىگە ئولتۇراتتى، يەيدىغىنى دۇفۇ قېقى ئىدى. ئۇلار ئۈچۈن ھەتتا تۇخۇم دېگەنلەر ھېيت-ئايەملىك غىزا ئىدى. شۇ چاغلاردا بىر دورا زاۋۇتى بۇ ئاكا-ئۇكىنى ئېلانغا چىقىرىپ، ئۇلارغا ئالللقانداق بىر دورىنىڭ شىپائىي خىسلىتىنى سۆزلەتكۈزمەكچى بولدى. ئەمما بۇ ئاكا-ئۇكىلار دورا زاۋۇتىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى. چۈنكى، ئۇلار بىمار بولغاچقا كېسەل ئازابىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئالللقانداق دورىلار ئۈچۈن كۆپپاڭچىلىق قىلىپ، باشقا بىمارلارنىڭ دەردىگە تۆپىلەپ دەرد-ئازاب قوشۇشنى راۋا كۆرمىگەنىدى. قىسقىسى، ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتە نامرات بولغىنى بىلەن ، ئادەمىي خىسلەتكە

باي كىشىلەردىن ئىدى.

مىڭزى: «پۇلنى دەپ يولىدىن ئازمىغان، موھتاجلىقتىن قەدىر ـ قىممىتىنى يوقاتمىغان، زورلۇققا باش ئەگمىگەنلەرلا ھەقىقىي ئەزىمەتلەردۇر» دېگەنىكەن. بىزدە نامرات بولسىمۇ غۇرۇرىنى يوقاتماسلىق ئەنئەنىسى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىدى. ئەمما ھازىر قولى پۇل كۆرگەنلەردىن بەزىلەر بىر بولسا ھەتتا گەندىگە چۈشۈپ كەتكەن مەنپەئەتنىڭ ئۇۋۇقىنىمۇ نەپسانىيەتچىلىك بىلەن پۇۋلىمەي ئاغزىغا سېلىۋاتىدۇ. بىر بولسا، بولۇشىغا بۇزۇپ ـ چېچىپ، تۆت كۈندە قاقسەنەم بوپكېتىۋاتىدۇ. قىسقىسى، بۇ ئىككى خىل ئەھۋال ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇد.جۈملىدىن بۇ خىل «كېسەللىك»نىڭ سەۋەبى قانداقتۇر«چىش مىلىكى سىزىپ كېتىش»، «چىش ئەتراپى ياللۇغى»، «رېماتىزىم»، «ئۆپكە ئىششىقى»، «بەدەن ئۇيۇشۇش»، «جىگەر ياللۇغى»، «يۈرەك ۋە بۆرەك زەئىپلىشىش»تە ئەمەس، «پۇل قەھەتچىلىكى»دىمۇ ئەمەس، بەلكى «ئادەمىي خىسلەت قەھەتچىلىكى»دە، خالاس! شۇڭا، پۇلغا ئۆچمەنلىكمۇ قىلماي، ئادەمىيلىكىڭنى سېتىش بەدىلىگە رەڭۋازلىقمۇ قىلماي. ناۋادا ئويۇنۇڭدىن چاتاق چىقىپ قالسا، بىراقلا تۈگىشىسەن؛ ئۇ چاغدا تەبىرىڭ «رەزىل» دېگەن بىر ئېغىز سۆزگىلا تۈگەللىنىپ قالىدۇ.

---

شۇ خەۋىچىيەن ئىمزاسىدىكى بۇ فېلىيەتون «بۇ كېچە» گېزىتىنىڭ 2009 ـ يىل 23 ـ مارت سانىدىن «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2009 ـ يىل ماي (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) سانىغا تاللاپ بېسىلغان. ئەلجان تۇرسۇن تەرجىمىسى.

تىلماچ: يېڭىشەھەر ناھىيە ئارال يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

## لوندون كوچىلىرىدىكى تەڭگىلەر

لوندونغا بارغاندا ئەر ـ خوتۇن ئىككىلىمىز تىل بىلمىگەچكە خېلى كۆڭگىچە ئۆيدىن تالاغا چىقمىدۇق. كېيىن ئوغلۇم بىلەن كېلىنىم قوشنىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا دەيدىغان سالام ـ سەھەت ئىبارىلىرىنى ئانچە ـ مۇنچە ئۆگىتىپ قويغان بولدى.

ئوغلۇمنىڭ ئۆيى سان پاۋلو چېركاۋىغا يېقىنلا يەردە ئىدى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىككەن چاغلاردا چىقىپ چېركاۋ ئەتراپىنى ئايلىنىدىغان بولدۇق. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا سېلىنغان قەدىمكى ئۇسلۇبتىكى ئىمارەتلەر، قاۋاقخانىلاردىن كېلىۋاتقان قۇلماقنىڭ مەززىلىك ھىدى، چېركاۋنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازى، ئاندا ـ ساندا ئۆتۈپ قالىدىغان كونا پاسوندىكى تاكسىلار... 19 ـ ئەسىردىكى لوندوننى ئەسلىتەتتى.

بىر كۈنى كېتىۋېتىپ يولدا بىر تال تەڭگىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئېلىپ قارىسام ئىككى دېنىسي (ئەنگلىيىنىڭ پارچە پۇلى) لىق تەڭگە ئىدى. ئۇنى دەرھال يانچۇققا سالدىم. ئىككى قەدەم ماڭار ـ ماڭمايلا يەنە تەڭگە ئۇچرايدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟ شۇنداق قىلىپ كوچىغا چىقسام بىلىپ ـ بىلمەيلا كوچىنىڭ ئۇيەر ـ بۇيەرلىرىگە سىنچىلاپ قاراپ ماڭىدىغان بولدۇم. راست گەپنى دېسەم، شۇ كۈنى يولدىن تېرىۋالغان تەڭگەم توپتوغرا 23 دېنىسي بوپتۇ. كەچتە بۇ ئىشنى ئوغلۇم بىلەن ئەجنەبىي كېلىنىمگە دەپ بېرىۋىدىم، ئۇلار كۈلۈپ كەتتى.

ــ ناۋادا كوچىدىن تەڭگە تېرىمەنلا دېسەڭلار ئۇنداق تەڭگىلەر ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ،ــ دېدى ئوغلۇم،ــ ئەمما ئەنگلىيىلىكلەر ئۇ تەڭگىلەرنى ئالمايدۇ، ھەتتا بەش دېنىسلىق تەڭگە بولسىمۇ قاراپ قويمايدۇ.

بۇنىڭغا ھەيران قالغان خوتۇنۇم گەپنى بۆلدى:

ــ ۋىيەي، لوندونلۇقلار نىمانداق بەتخەج؟

ــ گېپىمنى ئاڭلاپ باقماسىلەر، ــ دېدى ئوغلۇم، ــ ئۇ تەڭگىلەرنىڭ نەدىن كېپقالغانلىقىنى ئاڭلىساڭلار سىلەرمۇ كۆز قىرىڭلارنى سېلىپ قويماي ئۆتۈپ كېتىدىغان بولىسىلەر. لوندوندىمۇ ئاچ ـ يالىڭاچلار بار. بۇ يوقسۇزلارنىڭ بالىلىرى كوچىغا چىقىپ ئالمادىس تىنەپ قالغۇدەك بولسا، ئاشۇ تەڭگىلەرگە بىرەر ـ يېرىم بولكا ئېلىپ يەپ جان ساقلايدۇ. شۇڭا ئۇ تەڭگىلەرنى ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئەتەي تاشلاپ قويغان.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز شۇنىڭدىن كېيىن كوچىدىكى تەڭگىلەرگە قاراپمۇ قويمايدىغان، ھەتتا يانچۇقتىكى پارچە ـ پۇرات تەڭگىلەرنىمۇ كوچىغا تاشلاپ قويىدىغان بولدۇق. ھەرقېتىم كوچىدىكى تەڭگىلەرنى كۆرگىنىمىزدە ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قوياتتۇق.

---

بەي شىنۋۇ قەلىمىدىكى بۇ يازما«فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2009 ـ يىل ئاۋغۇست (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانىغا بېسىلغان.

# ئاجايىپ مەنتىقە

ساقچىلار بىر بۇلاڭچىلىق شايىكىسىنى قولغا چۈشۈرگەنىدى. مەن شايىكىنىڭ ئاتامانىدىن سوراپ باقتىم:

— ئادەتتە قانداق ئادەملەرگە قول سالىسەن؟

— بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ماڭىدىغان، مېنى كۆرگەن ھامان قورقۇپ تۇگۈلۈۋالىدىغانلارغا.

— سېنى ئادەملەر مىغ- مىغ رەستىلەردە بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ دەپ ئاڭلايمەن، ئەجەبا، قورقمامسەن؟

— نېمە؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى تاماشا كۆرىدىغانلار تۇرسا، نېمىدىن قورققۇلۇق؟!

— ناۋادا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سېنى توسىدىغانلار چىقىپ قالسىچۇ؟

— ئۇلاردىن ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ گەپ قىلالايدىغانلارنىڭ بار- يوقلۇقىغا قارايمەن، شۇ!

بۇ قېتىمقى زىيارەتتىن مۇنداق بىر قائىدىنى چۈشىنىۋالدىم: دۇنيا دېگەن ئاجايىپ زىددىيەتلىك بولىدىكەن. ياخشىلار بېشىنى سېلىپ ئۆتۈپ كەتسە، يامان ئادەملەر بېشىنى قاڭقايتىپ ماڭىدىكەن؛ ئاق كۆڭۈللەرنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتسە، رەزىللەر باش كۆتۈرىدىكەن؛ جاسارەت سۇنسا، قورقۇنچاقلىق باش كۆتۈرىدىكەن؛ ھەققانىيەت باش ئەگسە، پەرۋاسىزلىق باش كۆتۈرىدىكەن.

---

خواڭ شياۋپىڭ قەلىمىدىكى بۇ مىكرو فېلىيەتون «دەۋر ياشلىرى» ژورنىلىنىڭ 2009- يىل 5- سانىدىن«گېزىت ژۇرناللاردىن تەرمىلەر گېزىتى»نىڭ 2009- يىل 11- سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. يۇقىرىقى ئىككى پارچە ئەسەرنىڭ تەرجىمانى **رەھمانجان روسۇل سۇلتانىي**. تىلماچ: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىئو -تېلېۋىزىيە مەكتىپى پەيزاۋات شۆبىسىنىڭ پېنسىيونېرى

# ئەدىبلەردىكى «كەسپىي كېسەللىك»

ئەدىبلەردە «كەسپىي كېسەل» بارمۇ؟ ئەلۋەتتە بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل «كەسپىي كېسەل»نىڭ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بولۇپ، ئېچىنىشلىق پاجىئەلىرى تالاي ئەدىبنى بىئەجەل ئېلىپ كېتىدۇ.

بۇ قارىشىم لى گوۋېن ئەپەندىنىڭ «جۇڭگو ئەدىبلىرىنىڭ بىئەجەل ئۆلۈمى» ناملىق كىتابىدىن كەلگەن. مەن بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر بۇرادىرىمگە تەۋسىيە قىلغانىدىم. بۇرادىرىم ئۇ كىتابنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «ئەدىبلەر يۈرىكى بىلەن ئەسەر يازىدىغانلار، شۇڭا ئۇلار سىياسىيدىن نېرى تۇرغاندىلا ئاندىن بىئەجەل ئۆلۈمدىن خالىي بولالايدۇ». ئۇنىڭچە بولغاندا سىياسىينى تىلغا ئالماسلىق، سىياسىيغا ئارىلاشماسلىق ۋە ئەمەل- مەنسەپكە كۆز- قىرىنى سالماسلىق ئەدىبلەرنىڭ زۆرۈر پەزىلىتى ئىكەن. ئەدىبلەر ناۋادا بۇ پەزىلەتنى ساقلىمىسا سىياسىي كۈرەش ۋە گۇرۇھ- مەزھەپلەر ئارىسىدىكى جەڭگى- جېدەللەرنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قالىدىكەن. بۇ گەپكە دەسلەپتە قايىل بولۇپمۇ قالغانىدىم، كېيىن تازا ئويلاپ كۆرسەم ئەھۋال ئۇنداقمۇ ئەمەسكەن.

لى ئەپەندىنىڭ كىتابىغا نە كىرىش سۆز، نە خاتىمە بېرىلمەپتۇ. ئۇ شۇڭا ئۇنىڭ «ئەدىبلەردىكى بىئەجەل ئۆلۈم»نىڭ پاسىلىنى قانداق بېكىتكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدىم.

كىتابتا كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن قارىغاندا ئۇ تىلغا ئالغان بىئەجەل ئۆلۈم قېرىپ ئۆلۈش، ئاغرىپ ئۆلۈشنى ئەمەس، بەلكى سىياسىي كۈرەشلەرنىڭ قەتلىئاملىرىنى كۆرسىتىدىكەن.

سىياسىيدىن يىراق تۇرۇپ كۆڭلىرىنى دەرۋازىسىنى چىڭ تاقاپ كۆككە تەلمۈرۈش، گۈل- گىياھلارنىڭ پورەكلىشى ،چۈمۈلىلەرنىڭ سەپ تارتىپ كۆچۈشلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ ئۆتكۈزىدىغان، چېچىنى گەدەنگىچە قويۇۋېلىپ ئىشقىي- مۇھەببەت، گۈزەل مەنزىرىلەر، تاڭ شەپىقى، ئايدىڭ كېچىلەرنى كۈيلەيدىغان ئەدىبلەرنىڭ ئاسانلىقچە بىئەجەل ئۆلۈپ كەتمەيدىغانلىقى راست. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆرۈنمەس بالا- قازالار ۋەجىدىن ئۆلۈپ كېتىدىغانلارمۇ كۆپ ئەمەس. شۇنداقتىمۇ بۇ يەردە ئەدىبلەر بىلەن بىئەجەل ئۆلۈم ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ئېنىق ئېچۈرۈشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. پەقەت ئۇلار ئارىسىغا تەئەللۇق بەلگىسىنى قويساقلا كۇپايە.

دەرۋەقە، ئەدىب قولىغا قەلەم ئالغانىكەن، تاشقى دۇنياغا يۈزلىنىپ، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە ئەسەرلەرنى يازماي قالمايدۇ. بۇ ھال ئۇنى سىياسىي بىلەن چەمبەرچەس باغلاپ قويىدۇ- دە، نەتىجىدە ئۇ بىلىپ- بىلمەيلا ئەمەل- مەنسەپ چەمبىرىكىگە كىرىپ قالىدۇ. مېنىڭچە، ئەدىبلەر بىلەن

www.uyghurkitap.com

سىياسىي ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش دەل ئۇلاردىكى «كەسپىي كېسەل»لىك بولسا كېرەك. قىسقىسى، ئەدىبلەر پەقەت مۇشۇ كەسپنى قىلمەنلا دەيدىكەن، بۇ خىل كېسەلدىن خالىي بولالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇشۇ خىل «كەسپىي كېسەل»لىك بىلەن بىئەجەل ئۆلۈپ كېتىدىغانلارنىڭ پاجىئەسى تالاي يۈرەكنى مۇجۇۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالايدىغانلار يوق دېيەرلىك.

بۇ خىل «كەسپىي كېسەل»لىكنى شۇ ئەدىبنىڭ خاس پەزىلىتى ھېسابلاپ، «پالانى ئەدىبكە مەنسەپ ئىشقى چۈشۈپتۇ يەي، پۈستانى ئەدىب سىياسىيغا بېرىلىپ كېتىپتۇ يەي» دېگۈچىلەرنىڭ قىياسلىرى پۈتۈنلەي خاتا بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا بىر تەرەپلىمە گەپلەر، خالاس. دۇرۇس، مەنسەپپەرەس ئەدىبلەر يوق ئەمەس. پىقىر لى بەينى تەتقىق قىلىپ باقمىغان، ئەمما ئۇ ھەققىدىكى تېلېۋىزىيە فىلىمىنى كۆرگەن. فىلىمدىكى ھېكايىدىن لى بەيدىكى ئوتتەك مەنسەپ ئىستىكىنىڭ تاكى باقىي ئالەمگە كەتكۈچە ئۆچمىگەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. فىلىمدە ھېكايە قىلىنغىنى راستلا لى بەينىڭ ئۆزىمۇ ياكى ئەمەسمۇ، بۇنىسى نامەلۇم. لى بەيگە ئوخشاش ھايات ۋاقتىدا شېئىرىيەت مۇنبىرىدە ئابىدە بولغان ئادەم شۇنىڭغا شۇكۇر قىلماي بىر قولىدا قەلەمنى، بىر قولىدا ئەلەمنى تۇتىمەن دېسە، ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا «يېرىم چىلەك سۇ» بوپقالماسمۇ؟! ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ پىرى ـــ لۇشۇنمۇ ئۆز ۋاقتىدا مائارىپ مىنىستىرلىكىگە كىرىپ بىر مەھەل مەنسەپ تۇتۇپ باققان. ئۇنىڭ مەنسەپدارلارنى كۆرسىلا قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ كەتمىگەن، مەنسەپدارلاردىن ئۆزىنى بەك قاچۇرۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆمۈر بويى مەنسەپدارلار تەرەپتە تۇرۇپ باقمىغاندى.

ئەدىبلەرنىڭ بىر قىسمى ئەدەبىياتنى يۇقىرىغا يامىشىشنىڭ شوتىسى، مەنسەپدارلار سورۇنىغا كىرىشنىڭ ۋاستىسى قىلىش ئىستىكىدە ئەسەر يازىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا جاڭ كېبياۋ ئەپەندى «ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى يۇقىرىغا يامىشىش ماھارىتى» ناملىق كىتابنى يېزىپ، مۇشۇ خىلدىكى ئەدىبلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بەرگەنىدى. قىسقىسى، مەنسەپدارلار سورۇنى سىياسىي كۈرەش مەيدانى بولغىنى ئۈچۈن، مەنسەپ تۇتقان ئادەم سىياسىي بىلەن ھەپىلىشىدۇ دېگەن گەپ. دېمەك، مەنسەپ تۇتۇش كويىدا بولۇۋاتقان ۋە مەنسەپ كۇرسىدا ئولتۇرۇۋاتقان ئەدىبلەر سىياسىيدىن ئايرىلالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئەمەل ـ مەنسەپ دېگەننى ئۆمۈر بويى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئەدىبلەرنىمۇ يوق دېگىلى بولماس. مىسال كەلتۈرۈشكە توغرا كەلسە بىر نېمە دېيەلمەيمەن. مەنسەپدارلار تەرەپتە تۇرمايدىغان ئەدىبلەر ھەققىدە بىر نېمە دېيىش ئاسان، يەنە كېلىپ، بۇنىڭغا ئۇنداق ئەدىبلەرنىڭ كەچمىشلىرىلا كۇپايە!

ئەمما مەنسەپ تۇتۇش ئىستىكى كىشىنىڭ كۆڭلىدە بىخلىنىدىغان ئابستراكت نەرسە بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنى باشقىلار كۆرەلمەيدۇ. شۇڭا كۆڭلىدە مەنسەپ ئىستىكى يوق دەپ قارالغان بىراۋ ئېھتىمال مەنسەپ تۇتۇشقا ئىنتىلىۋاتقان بولۇپ چىقىشى مۇمكىن، مەنسەپخۇمار دەپ قارالغان بىراۋ مەنسەپ تۇتۇشنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. ئۇنداق ئىستەكنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى شۇ كىشىنىڭ ئۆزى دېمىسە، باشقىلارنىڭ قىياس قىلىپ تاپمىقى تەس. دېگەن تەقدىردىمۇ باشقىلار ئىشەنمىسە بىكار. بىراۋنى «سەندە مەنسەپ ئىستىكى بارمۇ ـ يوق؟» دېگەننى ج خ تارماقلىرىنىڭ مەخسۇس ئۇسكۇنىلىرىدە تەكشۈرۈپ كۆرۈشنىڭ ئورنى يوقتە!

بۈگۈنكى كۈندە ئەللىك ـ ئاتمىش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغاندىن كېيىنمۇ ئەمەل ـ مەنسەپ سورۇنىغا كىرەلمىگەن بىرەر ئەدىبنىڭ مەنسەپ تەمەسىدە يۈرۈشى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىش.

مەنسەپدارلار ئاشۇ ياشقا كىرگەندە ئورۇن بىكارلايدىغان گەپ. شۇڭا مەنسەپ سورۇنىدىن ئورۇن تەگمىگەنلەر مۇشۇ ياشقا كەلگەندە بېشىنى تاشقا ئۇرسىمۇ بىكار. جەددى ـ جەمەتىدىن بىرەرسى تۇيۇقسىزلا مەنسەپ سورۇنىدىكى كاتتا ھوقۇقنىڭ ساھىبى بوپقالغان بىرەر پېشقەدەم ئەدىب ئاشۇ مەنسەپدار تۇغقىنى يېنىغا تارتقان بىلەنمۇ ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا كېچىككەن بولىدۇ. دېمەك، چاچلىرى ئاقىرىپ، چىشلىرى سارغايغان ئەدىبنىڭ پۈتۈن زېھنىنى يېزىقچىلىققا بەرگىنى تۈزۈك.

يېزىقچىلىقنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق تۇپكى پرىنسىپى بولىدۇ. جۇملىدىن ئەدىبلەردىن جەمئىيەت ۋە كىشىلىك ھاياتقا نەزەر سېلىش، ئۇ ھەقتە چوڭقۇر ئىزدىنىش ۋە ئۇنى قەلەمگە ئېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. جەمئىيەت ۋە كىشىلىك ھاياتقا نەزەر سالماي، ئۇ ھەقتە ئىزدەنمەي ۋە ئۇنى تەسۋىرلىمەي تۇرۇپ بىرەر نەرسە يازغىلى بولسۇنمۇ؟ ئەمما بۇ، ئەدىبلەر چوقۇم سىياسىيلىشىش، سىياسىيغا چوقۇم ئارىلىشىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس، مۇھىمى، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك ھايات سىياسىيدىن ئايرىلالمايدۇ. يەنە كېلىپ، سىياسىي جەمئىيەتتە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ ۋە ئۇنى باشقۇرىدۇ، كىشىلىك ھاياتنى ئىدارە قىلىدۇ ۋە ئۆزگەرتىدۇ. دېمەك، ئەدىبلەرنىڭ بۇ ھالەتنى بىر ياققا قايرىپ قويالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەسلىدىنلا ئىرماش- چىرماش بوپكەتكەن نەرسىنى زورىغا ئايرىپ چىقىشمۇ چىنلىقتىن چەتنەپ كېتىدىغان گەپ.

يېقىندا ئىككى پارچە مۇنازىرە ماقالىسىنى ئوقۇپ قالدىم. بىرىدە، دېھقانلارنىڭ رېئال تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەر بەك ئاز دېيىلىپتۇ؛ يەنە بىرىدە ئۇنداق ئەسەرلەرنى ئاز دېگىلى بولمايدۇ، جاۋ XX نۇرغۇن دېھقاننىڭ ئوبرازىنى ياراتتىغۇ، دېيىلىپتۇ. مەسىلە، ئۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ئاز ياكى كۆپلۈكىدە ئەمەس. مۇھىمى، ھازىرغا قەدەر 20- ئەسىرنىڭ 90- يىللىرىدىكى دېھقانلار ھاياتىنى چىن ۋە تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەردىن بىرەر پارچىمۇ چىقىپ باقمىدى. جۇملىدىن، ھازىرقى زامان دېھقانلىرىنىڭ ھەقىقىي ئوبرازى تېخىچە ئەدەبىيات- سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ باقمىدى. «يېزا ئىگىلىكى، يېزىلار ۋە دېھقانلار مەسىلىسى مۇھىمىنىڭ مۇھىمى» دېيىلگىنى بىلەن، ھازىرغا قەدەر ئۇزۇل- كېسىل ھەل قىلىنغىنى يوق. بىر قىسىم ناھىيە، يېزا كادىرلىرىنىڭ زورلۇق- زومبۇلۇقى، دېھقانلارنىڭ شىللىسىدىكى ئېغىر باج- سېلىقلار، ئۇلار ئۇچراۋاتقان خورلۇقلار ئاخىرى قەبىھ دېلولار ۋە جەمئىيەتنىڭ داۋالغۇشىغا سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. جۇڭگو دېھقانلىرى ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدىكى ئۇ ئازاب- ئوقۇبەتلەرنى ئەبەدىي ئۇنتۇيالمايدۇ، ئۇ ھەم تارىخ بەتلىرىگە پۈتۈلىدۇ.

مۇشۇ ئەھۋاللار ھەققىدە بىر نەچچە پارچە تەسىرلىك ئەدەبىي ئەسەر ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇن تېپىكلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سەنئەت ئەسىرىدىن بىرەرسىمۇ چىقىپ باقمىدى. «قىزىل بايراق شەجەرىسى»دىكى جولاۋجوڭدەك پىشقان دېھقان ئوبرازى ئىككىنچىلەپ كۆرۈلۈپ باقمىدى. ھازىرقى زامان ئەدىبلىرى يېزا ئىگىلىك، يېزىلار ۋە دېھقانلارنى يېزىشتىن ئۆيۈلامدۇ- قانداق؟ جاۋ XXنىڭ قەلىمىدىكى ھەم ساددا ھەم مەككار ئوبرازلار «مۇھىمنىڭ مۇھىمى» ھېسابلىنىدىغان دېھقانلارغا ۋەكىللىك قىلالارمۇ؟

ئومۇمەن ئەدىبلەر جەمئىيەتتىكە، تۇرمۇشقا چوكمەكچى بولىدىكەن، شۈبھىسىزكى سىياسىيدىن ئايرىلالمايدۇ. ھەتتا ئۇلار سىياسىيغا مۇراجىئەت قىلىپلا قالماي ئۇ ھەقتە چوڭقۇر ئىزدىنىشى، سىياسىيغا دادىل ئارىلىشىشى ۋە ئۇنى ئىنچىكە بايان قىلىشى زۆرۈر. بىراۋنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ، سىياسىيدىن بىزار بولغاچقا ئۇنىڭدىن يىراق تۇرارمىش، جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، تۇرمۇشقا چۆكەرمىش. بۇنىڭ ئۆزىلا بىر- بىرىگە زىددىيەتلىك گەپلەر تۇرسا، ئۇنىڭغا قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولسۇن؟! سىياسىي بىلەن جەمئىيەت، سىياسىي بىلەن كىشىلىك ھايات خۇددى پۇلنىڭ ئىككى يۈزىگە ئوخشايدۇ. پۇلنىڭ بىر يۈزىنى قويۇپ، يەنە بىر يۈزىنى خەجلەيمەن دېگىلى بولمايدۇ- دە! دېمەك، سىياسىيدىن يىراق تۇرغاندا، سىياسىنى چەتكە قاققاندا، قەلەمگە ئالمىغاندا جەمئىيەتنى، تۇرمۇشنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگىلى، ئىجتىمائىي ئۇنۇم ۋە ھاياتى كۈچ- قىممەتكە ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى يارىتالىلى بولمايدۇ.

ئەدىبلەرنىڭ قەلەمدىن بالاغا قېلىپ ھەپىسگە چۈشۈشى تارىخىي ۋەسىقىلەردە «قەلەم تۇتقۇنلۇقى» دەپ ئاتالغان. چۈنكى ئەدىبلەرنىڭ قەلەم تۇتقۇنلۇقى ۋەجىدىن بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى تارىخنىڭ زۇلمەتلىك بېتى دېيىشكە بولىدۇ. زامانىۋى مەدەنىيەت ۋۇجۇدقا كەلگەن بۈگۈنكى كۈندە تارىخنىڭ ئۇنداق زۇلمەتلىك بېتى ئەمدى ئىككىنچىلەپ تەكرارلانماسلىقى كېرەك. زامانىۋى سىياسىي قانداقتۇر مۇستەبىت سىياسىي ۋە زۇلمەتلىك سىياسىينى ئەمەس، بەلكى مەدەنىي ۋە دېموكراتىك سىياسىينى كۆرسىتىدۇ. زىنداندانغا تاشلاش ۋە قەتلىئام يولى بىلەن قوغدىلىدىغىنى مۇستەبىت سىياسىي ياكى گۇرۇھلار

www.uyghurkitap.com

سىياسىيسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەدەنىي سىياسىي دېگىنىمىز دېموكراتىك سىياسىي تۇرسا، نېمىدەپ ئۇنىڭغا ئارىلاشقىلى، ئۇنى تەنقىد قىلغىلى بولمىغۇدەك؟! بۇنىڭغا زامانىۋى ئالىي ئوقتىسىدا تۇرۇپ جاۋاب ئىزدەش ۋە زامانغا يۈز كېلەلىگۈدەك ئەسەرلەرنى يارىتىش تەكىتلىنىۋاتامدۇ؟! «زامانغا يۈز كېلەلىگۈدەك ئەسەرلەر» دېگەندە، قانداقتۇر بىر مەھەل قىزغىنلىق پەيدا قىلىدىغان ئۆتكۈنچى ـ ماغزاپ نەرسىلەر ئەمەس، بەلكى تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان ئەسەرلەر كۆزدە تۇتۇلۇشى لازىم.

ئەدىبلەر «كەسپىي كېسەل»لىكتىن قۇتۇلالمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەجەلدىن بۇرۇن جان سېلىپ بەرمەسلىكى كېرەك.

لى ئەپەندىم مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن سىماچيەندىن تارتىپ ۋاڭ گوۋېيغىچە نۇرغۇن ئەدىبنىڭ بىئەجەل ئۆلۈمى فېئوداللىق دىكتاتورىنىڭ مەھسۇلى. لۇشۇن مۇنداق دېگەنىدى: «سىياسىيونلار ئەدىبلەرنى جەمئىيەت قالايمىقانچىلىقىنىڭ قۇتراتقۇچىلىرى ھېسابلايدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى قىرىۋەتسە جاھان تىنچلىنارمىكىن دەپ ئويلايدۇ». لۇشۇن بۇ بايانىدا يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. لۇشۇننىڭ بۇ بايانى ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقتى پادىشاھلىق تۈزۈم تېخى تۈگىتىلمىگەن زامانلارغا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئاسارەتلىرى مەۋجۇدلا بولىدىكەن، قايسى زامان، قايسى ماكان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەدىبلەر بىئەجەل ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، خالاس. ئېلىمىزدە فېئوداللىق تۈزۈم يوقىتىلىپ، ئۇنىڭ ئاسارەتلىرى سۈپۈرۈپ تاشلانغاندىن كېيىن قانۇن ـ تۈزۈم بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان دېموكراتىك جەمئىيەت بەرپا قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئەدىبلەر ئارىسىدىكى «كەسپىي كېسەل»لىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىئەجەل ئۆلۈم پەقەت قالمىدى دەپ كېسىپ ئېيتالمىساقمۇ، ئەمما ئۇ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا يوقنىڭ ئورنىدا. مۇبادا ئاشۇنداق ئىشتىن بىرەرى كۆرۈلۈپ قالسا، بۇ ھال جەمئىيەتتە كىچىكلىك غۇلغۇلا پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتكە ئېنىق چۈشەنچە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكەن سىياسىيونلار بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكەن ئەدىبلەردىن كۆپ بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى تېخىمۇ پاجىئەلىك بولغانىدى. بۇ بالايىئاپەتنىڭ يىلتىزى يەنىلا فېئوداللىق تۈزۈمدە ئىدى. قىسقىسى، فېئودال پادىشاھلارنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى «جۇڭگو سىياسىيونلىرىنىڭ بىئەجەل ئۆلۈمى» دېگەن غايەت زور پۈتۈككە مۇجەسسەملەش مۇمكىن. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنگە ئۇلاشتى. كۈنلىرىمىز زامانىۋى مەدەنىيەتلىك دەۋرگە قەدەم قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئەدىبلەر بىئەجەل ئۆلۈمنى قارغايدىغان، سىياسىيونلارمۇ مەدھىيىلىمەيدىغان بولدى. «ئەجىلىڭدىن بۇرۇن ئۆلەرسەن!» دېگەن گەپنىڭ ناھايىتى قاتتىق ھاقارەت ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. شۇڭا بىئەجەل ئۆلۈمدىن ئادەملەرلا ئەمەس، ھەتتا ھايۋانلارمۇ ناھايىتى قورقىدۇ. ئەدىبلەرمۇ، سىياسىيونلارمۇ ئوخشاشلا دېموكراتىك قانۇن ـ تۈزۈمگە ئىنتايىن تەشنا. سىياسىي كۆرەشلەر ھەرقانچە كۆپ ۋە ئۆتكۈر بولسىمۇ، ئۇ دېموكراتىك قانۇن ـ تۈزۈمنى ئۆزىگە ئالدىنقى شەرت قىلسىلا، بىئەجەل ئۆلۈم ئارقىلىق بەدەل تۆلەشتىن تامامەن ساقلانغىلى بولىدۇ. بۇ بىر تۇرلۇك غايىۋى ئىستەكلا ئەمەس، بۇنى زامانىۋى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ رېئاللىقىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئومۇمەن، كىشىلىك ھوقۇق ـ دەخلىسىز. ئادەم ھەممىنىڭ ئاساسى؛ ھايات ھەممىدىن قىممەتلىك. شۇڭا، سىياسىيونلارنىڭ ھاياتى سىياسىي سەۋەب تۈپەيلىدىن بىئەجەل قۇربان قىلىنمىسۇن! ئەدىبلەرمۇ «كەسپىي كېسەل»لىك سەۋەبىدىن بىئەجەل ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ دېگەن ۋەھىمىدىن خالاس بولسۇن!

---

جاڭ يۈشېڭ قەلىمىدىكى بۇ فېلىيەتون «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2006ـ يىل 7ـ سانىغا بېسىلغان. ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر تەرجىمىسى.

تىلماچ: ئاقسۇ ۋىلايىتى كۆكەرتىش كومىتېتىنىڭ خادىمى

## ھالقىلىق پەيتتە ھوقۇق بىلەن نوپۇزغا ئەمەس، پەقەت ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ

دېڭىزدا كېتىۋاتقان بىر كېمىدە ئىككى ماتروس، بىر مەنسەپدار ۋە تۆت دېھقان بار ئىكەن.

كېمىدىكى بېنزىن تۈگەيلا دەپ قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئاسماننى تۇيۇقسىز قاپلىغان قىزىللىق دەھشەتلىك توپان بورىنىدىن بېشارەت بېرىپتۇ.

بۇنىڭ بىلەن ئىككى ماتروس تالىشىپ قاپتۇ. بىرى دەپتۇ:

— ئۇدۇلىمىزدىكى قاقاس ئارالغا بارايلى، قالغىنى بوران توختىغاندىن كېيىن بىر گەپ بولار!...

— بار بېنزىن يەتمىسىمۇ ھەرھالدا قىرغاققا يېقىنلىشالايمىز، ئۇ يەردە كېمە-پاراخوتلار كۆپكەن، يا ردەم سورىساق بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ قاقاس ئارالغا چىقساق تىرىك قېلىشىمىز ناتايىن، — دەپتۇ يەنە بىرى...

بوران يېقىنلاپ كەپتۇ، ئەمما ئىككى ماتروس توختىماي تالىشىۋاتقۇدەك. بۇ چاغدا مەنسەپدار بۇ ئىشنى دېموكراتىك ئاساستا بېكىتىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككى ماتروس كېمىنىڭ ئىككى بېشىدا تۇرىدىغان، قالغانلار قايسى ماتروسنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلسا شۇنىڭ ئارقىسىغا بېرىپ تىزىلىدىغان، ئاخىرىدا قايسى ماتروسنىڭ كەينىگە تىزىلغانلار كۆپ بولسا شۇنىڭ دېگىنى ھېساب بولىدىغان بوپتۇ. مەنسەپدار گېپىنى تۈگىتىپلا بىرماتروسنىڭ ئارقىسىغا بېرىپ تىزىلىپتۇ.

«مەنسەپدار ئورۇنسىز گەپ قىلمايدۇ» دەپ ئويلىغان تۆت دېھقان ئۇدۇل بېرىپ مەنسەپدارنىڭ ئارقىسىغا تىزىلىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئىككى ماتروس «ئاپلا، ئىش چاتاق» دەپ توۋلاپ كېتىپتۇ، ئەمما ئۇلار كېچىككەنىكەن.

كېمىنىڭ بىر تەرىپىدە ئالتە ئادەم تۇرغاچقا كېمە تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ، بىر تەرەپكە قىيسىيىپتۇ-دە، سۇغا چۆكۈپ، كېمىدىكىلەر دەھشەتلىك دولقۇنغا غەرق بوپتۇ.

**ھاسىلكالام: ھالقىلىق پەيتتە زىيادە ھودۇقۇپ كەتمەي، سالماق بولۇڭ. بولۇپمۇ بەزى مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە قارار چىقىرىدىغان ئاچقۇچلۇق چاغدا ھودۇقۇشقا بولمايدۇ، نويۇزغىمۇ ئەمەس، پەقەت ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ. چۈنكى ھودۇقۇش ۋە نويۇزغا ئىشىنىش كۆپىنچە ھالدا چوڭ ئىشلارغا دەخلى يەتكۈزىدۇ.**

## ھەقىقىي ئەركەك قارشى چىقىشنى بىلىدۇ، بىراق ئورۇنسىز قۇربان بېرىدىغان ئىشنىمۇ قىلمايدۇ

چەت ئەلدىكى بىر شەھەردە شەھەر باشلىقى ياردەمچىلىككە جەمئىيەتتىن ئاشكارا ئادەم تەكلىپ قىلىپتۇ. شەرتى: تەكلىپ قىلىنغۇچى چوقۇم ئەر بولۇشى كېرەككەن. بۇ يەردىكى «ئەر كىشى» دېگەن گەپنىڭ نوقۇل فىزىئولوگىيىلىك پەرقىنى ئەمەس، بەلكى مەنىۋى پەرقىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئىمتىھان بەرگۈچىلەرگە بەش قولدەك ئايان ئىكەن.

مەدەنىيەت ۋە ئۇنىۋېرسال ساپا جەھەتتىكى قاتمۇ قات تاللاشتىن كېيىن ئۈچ ئادەم ئاخىرقى قېتىملىق ئالاھىدە ئىمتىھانغا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشىپتۇ. بۇ، ئەڭ ئاخىرقى ئۆتكەل ئىكەن. بۇ ئۈچ ئادەم نۆۋەت بويىچە كىرىپ ئىمتىھان بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئۆتكەلدىكى ئىمتىھاننى شەھەر باشلىقى ئۆزى ئاپتۇ.

تۇنجى بولۇپ بىر ئەر كىشى كىرىپتۇ. ئۇ، سېرىق چاچلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان، پېشانىسى كەڭرى، بەستلىك كىشى ئىكەن. شەھەر باشلىقى ئۇنى ئالاھىدە بېزەلگەن بىر ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا باشلاپ كەپتۇ. پول پۈتۈنلەي ئۈششاق ئەينەك سۇنۇقلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، قارىسا، ئادەمنىڭ تېنى شۈركىنىدىكەن. شەھەر باشلىقى سۈرلۈك تەلەپپۇزدا دەپتۇ:

— ئۈستەلدە بىر ۋاراق جەدۋەل بار، يالاڭ ئاياغ كىرىپ ئاشۇ جەدۋەلنى تولدۇرغاندىن كېيىن ماڭا تاپشۇرۇڭ.

ھېلىقى ئەر ئىككىلەنمەستىن ئايىغىنى سېلىۋېتىپ، ئۆتكۈر ئەينەك سۇنۇقلىرىغا دەسسىگىنىچە جەدۋەلنى ئېلىپ چىقىپ تولدۇرۇپ شەھەر باشلىقىغا بېرىپتۇ-دە، جاندىن ئۆتىدىغان ئاغرىققا چىداپ، خاتىرجەم قىياپەتتە شەھەر باشلىقىغا قاراپ تۇرۇپتۇ. شەھەر باشلىقى ئۇنىڭغا بىر چوڭ زالنى كۆرسىتىپ دەپتۇ:

— ئاۋۇ زالدا ساقلاپ تۇرۇڭ!

ھېلىقى كىشى بۇنىڭدىن ھاياجانلىنىپتۇ.

شەھەر باشلىقى ئىككىنچى بولۇپ كىرگەن كىشىنى ئالاھىدە ياسىلىپ، ئىشكى ھىم ئېتىلگەن يەنە بىر ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا باشلاپ كەپتۇ ۋە سوغۇق تەلەپپۇزدا:

— ئۆيدىكى ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە بىر ۋاراق جەدۋەل بار، ئاشۇ جەدۋەلنى ئېلىپ چىقىپ تولدۇرۇپ، ماڭا بېرىڭ! — دەپتۇ.

ھېلىقى كىشى ئىشىكنى ئىتتىرگەنىكەن، ئېچىلماپتۇ.

— بېشىڭىز بىلەن ئىتتىرىپ ئېچىڭ! — دەپتۇ

شەھەر باشلىقى بۇيرۇق قىلىپ.

ھېلىقى كىشى ئارتۇق گەپ قىلماي ئىشىككە ھەدەپ ئۇسۇشكە باشلاپتۇ. ئۇسە ـ ئۇسە... ئارىدىن يېرىم سائەتچە ۋاقىت ئۆتۈپتۇ، ئۇنىڭ بېشى يېرىلىپ، يۈز ـ كۆزى قانغا بويىلىپتۇ، ئىشىك ئاخىرى ئېچىلىپتۇ ۋە جەدۋەلنى ئېلىپ چىقىپ ئەستايىدىل تولدۇرۇپ شەھەر باشلىقىغا بېرىپتۇ. شەھەر باشلىقى ئۇنىڭغىمۇ:

— ئاۋۇ زالدا ساقلاپ تۇرۇڭ، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھېلىقى كىشى ئىچىدە خۇشھال بوپكېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ھېلىقى ساغلام ۋە كۈچلۈك ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىرادىسى ۋە جاسارىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى ئىسپاتلاپتۇ. ئەمما، شەھەر باشلىقىنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق رازىمەنلىك ئالامىتى يوقمىش.

شەھەر باشلىقى ئەڭ ئاخىردا يەنە بىر ئەر كىشىنى بىر ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغا باشلاپ كېلىپ ئۆيدىكى ھەم ئورۇق، ھەم ئاجىز بىر بوۋاينى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— ئۇنىڭ قولىدا بىر ۋاراق جەدۋەل بار، ئاشۇ جەدۋەلنى ئېلىپ تولدۇرغاندىن كېيىن ماڭا بېرىڭ! ئەمما ئۇنى ئۇرۇپ يىقىتمىسىڭىز جەدۋەلنى سىزگە بەرمەيدۇ!

— ئۇنى نېمىشقا ئۇرغۇدەكمەن، سەۋەبىنى دەپ بېرىڭ!— دەپتۇ ھېلىقى كىشى شەھەر باشلىقىغا مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ.

— بۇ دېگەن بۇيرۇق!

— قىپقىزىل ساراڭكەنسىز! نېمىدەپ ئۇ ئاجىز بوۋاينى ئۇرغۇدەكمەن؟

شەھەر باشلىقى ئۇنى ئالدىنقى ئىككى كىشىگە ئوخشاش پولغا ئەينەك سۇنۇقلىرى چېچىلغان ئۆي بىلەن ئىشىكى ھەم ئېتىلگەن ئۆيگە كىرىشكە بۇيرۇپتۇ، ئەمما ھېلىقى كىشى بۇنىمۇ رەت قىپتۇ. شەھەر باشلىقى ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ھومىيىپتۇ.

بۇنى كۆرۈپ قويۇقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتكەن ھېلىقى كىشى ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ مېڭىپتۇ. ئەمما شەھەر باشلىقى ئۇنى چاقىرىپتۇ.

شەھەر باشلىقى بۇ ئۈچەيلەننى بىر يەرگە يىغىپ، ئۇلارغا پەقەت ئەڭ ئاخىرقى كىشىنىڭلا ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىكىنى جاكارلاپتۇ.

باش ـ كۆزى ۋە پۇتلىرى قاناپ كەتكەن ھېلىقى ئىككى كىشى بۇ ئۈچىنچى كىشىگە سىنچىلاپ قاراپتۇ ۋە ئۇنىڭ بەدىنىدە ھېچقانداق زەخىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ، شەھەر باشلىقىنىڭ بۇ قارارىغا قايىل بولماي تەڭلا سوراپتۇ:

— بۇ قانداق گەپ؟

— ھېچقايسىڭلار ھەقىقىي ئەركەك ئەمەسكەنسىلەر، — دەپتۇ شەھەر باشلىقى.

— نېمە؟!— ھېلىقى ئىككىسى يەنە چۇرقىرىشىپتۇ.

شەھەر باشلىقى سەممىيلىك بىلەن چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ھەقىقىي ئەركەك قارشى چىقىشنى بىلىدۇ، ھەققانىيەت ۋە ئادالەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشقا جۈرئەت قىلالايدۇ، ئەمما ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە ئىتائەتمەنلىك قىلىپ، ئورۇنسىز قۇربان بەرمەيدۇ!

*ھاسىلكالام: ھەقىقىي ئەركەك توخۇ يۈرەك بولماسلىقى، گېزى كەلگەندە كۆكرەك كېرىپ چىقىشنى بىلىشى، ھەممىگىلا قارىغۇلارچە ئىتائەت قىلىۋەرمەي ئۆزىنىڭ پرىنسىپال مەيدانىدا چىڭ تۇرۇشى لازىم. دۇرۇس، دۇنيادا ئەركەكلەر ناھايىتى كۆپ، ئەمما، يۇقىرىقى ئۆلچەمگە چۈشىدىغان ھەقىقىي ئەركەكلەر ئىنتايىن ئاز.*

---

يۇقىرىقى ئىككى يازما بەي چۈەنجېننىڭ «شىنخۇا» نەشرىياتى 2008 ـ يىل ئۆكتەبىردە نەشر قىلغان «كىشىلىك ھايات تەسىراتلىرى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى. يۇسۇپجان داۋۇد شاھىدىي تەرجىمىسى. تىلماچ: كۇچا ناھىيە ئۈچئۆستەڭ يېزا ماتارىپ ئىشخانىسىنىڭ خادىمى، ھازىر شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 8 ـ دىۋىزىيە 141 ـ پولكتا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشتا

**بۇ سەھىپىدىكى تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ مۇھەررىرى: سىيت تىلىۋالدى (تەكلىپلىك)، سىلىشتۇرۇپ بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدىي (تەكلىپلىك)**



# ئۆتكۈلدىن ئۆتكۈلگە يول بولسۇن

(سۆھبەت خاتىرىسى)

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى، گۈلمېھرى تۇرسۇن

گۈلمېھرى تۇرسۇن: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئابدۇرەھمان ئاكا، ئۆزىڭىز قىرغىزلاردىن چىققان دېھقان يازغۇچى، ئەمما ئۇيغۇر تىل- يېزىقىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇرلار مەنىۋىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇيغۇر يېزا تۇرمۇشىنى چىن، ئىخچام، تەبىئىي، تېتىملىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئوقۇرمەنلىرىڭىز قەلبىنى ھاياجانلىق ھېسلارغا سېلىپ كېلىۋاتىسىز. 2002- يىلدىن باشلاپ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەرلىرىڭىز، بولۇپمۇ يېقىنقى ئىككى- ئۈچ يىل مابەينىدە مەزكۇر ژۇرنالدا بىر- بىرىگە ئۇلىنىپ ئېلان قىلىنغان «سەھرادىكى ھېكايە»لىرىڭىز ۋە بۇ يىلقى 4- ساندا يورۇق كۆرگەن «سەھرالىق ئاتا»ناملىق پوۋېستىڭىزنى ئوقۇغان خېلى كۆپ ئوقۇرمەن ئىجادىيىتىڭىزگە دىققەت قىلىشقا باشلىدى ۋە سىز توغرۇلۇق ئاز-تولا مەلۇمات بىلىشكە قىزىقىشتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۈگۈن قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ سىزنى ئۇشبۇ سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرۇپتىمەن.

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى: رەھمەت. شۇنچە

## دېھقان ئوغلىنىڭ دەيدىغانلىرى

يىراقتىن ئاتايىن ئەرزىمەس پاراڭلىرىمنى تىڭشاش ئۈچۈن كەلگەن قۇتلۇق قەدىمىڭىزگە غېرىب كۆلبەمنىڭ ئىشىكى ھەرۋاقىت ئوچۇق. مەندە سىز ياكى ئوقۇرمەنلەرگە ياققۇدەك پاراڭ چىقارمۇ؟ (كۈلكە)

گۈلمېھرى تۇرسۇن: تۇمەنلىگەن ئوقۇرمەن سۆيۈپ ئوقۇشقا ئەرزىگۈدەك ئېسىل ئەسەرلەرنى ياراتقان سىز ئاكاشتىن ئەلۋەتتە بىزدەك ئەدەبىيات ستۇدېنتلىرى ئاڭلىغۇدەك سۆھبەت تېمىلىرى چىقىدۇ دەپ ئىشىنىمەن. بولۇپمۇ سىزدەك سەھرانىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدە خاس دېھقانچىلىق قىلىدىغان يازغۇچى ھەققىدە ئاز- تولا بىر نەرسە بىلسەك دەيمىز.

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى: سۆھبەتلەشكۈدەك، قىممەتلىك پاراڭلىرىنى بىر ئولتۇرۇپ ئاڭلىۋالغۇدەك پېشقەدەم ئەدىبلەر نۇرغۇن تۇرسا، بۇ دېھقان بالا ساقال تاراپ نەدىن ياماشتى دېمىسىڭىز بوپتۇ، زاغرا نانەدەك ئاددىي پاراڭلىرىمنى سېلىپ بېرەي.

گۈلمېھرى تۇرسۇن: كۆپلىگەن يازغۇچىغا ئوخشاش سىزنىڭمۇ ئەدەبىياتقا ھېرىسمەن بولغان ۋە يېزىقچىلىققا ئىشتىياق باغلىغان ئەڭ دەسلەپكى چاغلىرىڭىز قانداق بولغىيتتى؟

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى: ئەدەبىياتقا، يېزىقچىلىققا ئىشتىياق باغلاش باللىق ساددا قىزىقىشلىرىمدىن باشلانغان. باللىقتا ئادەم تولىمۇ

بىغۇبار، ئويلايدىغانلىرى كۆپ ۋە گۈزەل بولىدىكەن. ئاكام كىتابخۇمار بالا ئىدى. مەكتەپتىن ئۆيگە دائىم چۆچەك، رىۋايەت، خەلق قوشاقلىرىنى، رەسىملىك كىتابلارنى، ھېكايە ـ رومانلارنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۆيدە قىز بالا بولمىغاچقا ئۇكامنى بېقىش، ئوچاقنىڭ كۈلىنى ئېلىش قاتارلىق ئۆي ئىشلىرىنى قىلاتتىم. ئۇكام ئۇخلاپ قالغاندا كىتابلارنى ئوقۇۋالاتتىم. بالىلىقتا ئوقۇغان نەرسىلەر ئادەمنى تولىمۇ گۈزەل ھېسلار، ئارزۇ ـ ئارمانلار بىلەن قاناتلاندۇرىدىكەن. مۇھەممەت باغراشنىڭ «سەيداش»، ئابدۇرەھمان قاھارنىڭ «كەچۈر مېنى نازاكەت»، نۇر روزىنىڭ «قىساس» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئەڭ شېرىن بالىلىق ھېسسىياتىم بىلەن زادى قانچە قېتىم قايتىلاپ ئوقۇغىنىم ئېسىمدە يوق. ئاشۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندىكى ھېسسىياتىم تا ھازىرغىچە سىڭىنىشلىق ئەسلىمە بولۇپ، يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئورۇن ئالغان. ئېسىل ئەسەرلەرنى ئوقۇغان چاغلىرىمدا بىر خىل قايىللىق ھېسسىياتىم يۈرىكىمنى تىپچەكلىتەتتى. ئاشۇ چاغلاردا مەنمۇ مۇشۇنداق ئېسىل ئەسەرلەرنى يازالايدىغان يازغۇچى بولالارمەنمۇ دەپ ئارزۇ قىلاتتىم. ن.ۋ. گوگولنىڭ «تاراس بولبا» ناملىق كىتابىنى ھېرىسمەنلىك ئىچىدە مەشىق دەپتىرىمگە قېرىنداش بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆچۈرۈپ چىقىشقا ئۇرۇنغان ۋاقىتلىرىم ھازىرمۇ ئېسىمدە. ئەپسۇس، ۋاقىت يار بەرمەي يېرىم يولدا توختاپ قالغانىدىم.

1989 ـ يىلى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستى ئېلان قىلىنغاندا، شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرى جاڭگالدا مال باقىدىغان مالچى بالىلارغا ئوقۇپ بېرەتتىم. ئوقۇپمۇ دېكتور رادىئودا ئەدەبىي ئاڭلىتىش بېرىۋاتقاندەك ئاۋازدا، تېخى ئەختەم ئۆمەرنىڭ قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندىكى ئاۋازىنى دوراپ تۇرۇپ ئوقۇپ بېرەتتىم. مەن ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئاۋازىنى دوراشقا ئۇستا ئىدىم.(ھازىرمۇ ھېلىھەم خېلى ئوخشىتىپ دوراپ قويىمەن.) مۇشۇ پوۋېستنى ئاڭلاش ئۈچۈن مال باقمايدىغان بالىلارمۇ بىزگە ئەگىشىپ جاڭگالغا چىقىۋالاتتى. ئەتراپىمنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان بالىلارنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئوبرازلىق ئاۋازدا ئوقۇيتتىم. ئۆزۈمنىڭ ئاۋازى ئۆزۈمگە ياراپ كېتەتتى ـ دە، مۇشۇنداق ئېسىل ئەسەرنى مەنمۇ يازسام، ئۆزۈم ئوقۇپ بەرسەم ـ ھە، دەپ بالىلارچە شېرىن خىيالغا چۆمەتتىم.

يېزىقچىلىققا بولغان ھېرىسمەنلىك شۇنداق قىلىپ ئاستا ـ ئاستا باشلانغان...

**گۈلمېھرى تۇرسۇن:** سىز قىرغىز تىلىدا ئىجادىيەتكە قاچان كىرىشكەن؟

**ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى:** ئېسىمدە قېلىشىچە، 1997 ـ يىللىرى.

**گۈلمېھرى تۇرسۇن:** سىز قىرغىزچە مەكتەپلەردە ئوقۇغانمىدىڭىز؟

**ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى:** ياق. بۇ يۇرتتا قىرغىزچە مەكتەپ 1952 ـ يىلى توختىتىلغانىكەن. ماڭا ئانا تىلىمدا دەرس ئاڭلاش پۇرسىتى بولمىغان.

**گۈلمېھرى تۇرسۇن:** ئۇيغۇر ۋە قىرغىز ئەدەبىي تىللىرىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدا پەرقلەر باردۇ؟ سىز قىرغىزچە ئوقۇمىغان تۇرۇقلۇق قىرغىز ئەدەبىي تىلىدا قىينالمىدىڭىزمۇ؟

**ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى:** ئەلۋەتتە مەلۇم پەرقلەر مەۋجۇد. قىيىنچىلىققا كەلسەم، قىرغىز يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى تىل ۋە ئىپادىلەش سەنئىتىنى ئۆزۈمنىڭ يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىمگە سىڭدۈرۈشكە، ئۆزلەشتۈرۈشكە تىرىشتىم. يۈسۈپ ماماي ئاتا ئېيتقان «ماناس» ئېپوسى، ئابدۇرەھمان ئىسمائىل، مامبەت تۇردىلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى شۇ چاغدا قىرغىز تىلىدا يېزىقچىلىق قىلىشىمدىكى زور تايانچ بولدى.

**گۈلمېھرى تۇرسۇن:** ئەسەرلىرىڭىزنى ئاۋۋال ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلدۇرغانمۇ ياكى قىرغىز تىلىدا؟

**ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى:** دەسلەپتە «قىزىلسۇ گېزىتى»دە قىرغىز تىلىدا ھېكايەم ئېلان قىلىنغان. بۇ، 1998 ـ يىلى بولسا كېرەك.

**گۈلمېھرى تۇرسۇن:** قايسى ژانىردىكى ئەسەرلەرنى كۆپرەك يازدىڭىز؟

**ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى:** دەسلەپتە ھېكايە يازدىم، ماقالىلارنىمۇ يازدىم، شېئىرمۇ يازدىم. كىچىك بالا تە ـ تە ماڭغانسېرى ئايىغى چىققاندەك،

مېنىڭمۇ ئەدەبىياتتا قىرغىز تۇرمۇشىدىن ئايغىم چىقىپ يېتىلىپ، پوۋېست- سېنارىيە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندىم. ھازىر كۆپرەك سېنارىيە يېزىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىمەن.

**گۈلمېھرى تۇرسۇن:** ئاشۇ سېنارىيىلىرىڭىزدىن بىرەرسىنى بىزنىڭ تىلغىمۇ تەرجىمە قىلامسىز؟

**ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى:** ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ دەڭ. سىز- بىز بىر ئاتىنىڭ بالىلىرى، بىر يىلتىزنىڭ شاخلىرى، ھېچقاچانمۇ تەرجىمان ھاجەت ئەمەس. ئەگەر ئوقۇرمەنلىرىم ياقتۇرسىلا، قويۇق قىرغىز تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سىنارىيىلىرىمدىن بىرەرنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ، پات ئارىدا مەتبۇئاتلارغا بېرىش ئويۇم بار.

**گۈلمېھرى تۇرسۇن:** شىنجاڭ پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئەدەبىياتنى جېنىمدىن ئەزىز بىلىدىغان بىر قىرغىز ساۋاقدىشىم ئەسەرلىرىڭىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەتتى. ئاڭلىشىمچە، بىر يىلى قىرغىز ئەدەبىياتى بويىچە تارقىتىلغان بىر مۇكاپاتنى ئالغىلى بارمىغانىكەنسىز. ئۇ قايسى مۇكاپات ئىدى؟ نېمە سەۋەبتىن بارمىغانىدىڭىز؟

**ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى:** ھەئە، ئېسىمدە. تۆت يىلچە بولدىغۇ دەيمەن. شىنجاڭدىكى قازاق، قىرغىز ئەدەبىياتى بويىچە بىرلىشىپ تارقىتىدىغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «دۇلدۇل» مۇكاپاتى ئىدى. بارمىغانلىق سەۋەبىم ئاددىي ۋە ئۆزگىچە. ئەسلىدە بۇ ماڭا كەلگەن بىر قىممەتلىك زور شان- شەرەپ ۋە ئىپتىخار ئىدى. مەنمۇ بۇ شان- شەرەپكە تامامەن ئەرزىيتتىم. ئوتتەك قىزغىنلىقىم بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ مۇكاپاتنى ئېلىش ئويۇم بار ئىدى. ئەپسۇس، ماڭا ئوقتۇرۇش قىلىنغاندا بۇغدايلىرىم تازا پىشىپ، ئورىدىغان چاغقا توغرا كېپقالدى. مەن قاتنىشىدىغان يىغىن دەل 19- ئىيۇندا ئېچىلىدىغان بولۇپ بېكىتىلگەنىكەن. ھەقىقەتەن ئامالسىز قالدىم. ھەممىگە مەلۇم، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا 19- ئىيۇندا سەكراتتىكى بىتاپمۇ غەيرەت قىلىپ ئورمىلىققا ئۆمىلەيدىغان جىددىي قاتلاڭچىلىق مەزگىل. بىر يىللىق تىرىكچىلىكنىڭ بەرىكىتى دەل مۇشۇ نەچچە كۈنلۈك ئورمىغا باغلانغان بولىدۇ. قېقىلىۋاتقان بۇغدايلارنى ئورۇش، توشۇش، سىلكىپ قۇرۇتۇپ، يۇمشىتىش، سەلكىنگە سېلىپ چەشلەش، ئېگىز ئورنىنى بىكارلاپ ئوسا قىلىش، قايتا قوناق تېرىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ نەچچە ئون كۈن ئىچىدە تاماملىنىدىغان بولغاچقا، بۇ جىددىيچىلىكنى كۆزى بىلەن كۆرمىگەن كىشى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. كۈندۈز قىسقا كېلىپ، ئاخشىمى ئايدىڭلاردىمۇ ئىشلەيدىغان گەپ.

زىممەمگە ئاتامنىڭ ۋە ئۆزۈمنىڭ- ئىككى ئائىلىنىڭ دېھقانچىلىقى يۈكلەنگەن. ئاتام ۋە ئاكام ھۆكۈمەت خىزمىتىدە، ئۆيدە ئانام يالغۇز، ئۇكىلىرىم كىچىك، بۇنداق جىددىي قاتلاڭچىلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇچىلىكى يوق. بۇ ھالدا مەن مۇكاپات ئالىمەن دەپ ئۈرۈمچىگە كەتسەم، ئانام ئېتىزلىقتا يالغۇز ئىشلەشكە مەجبۇر بولاتتى. ئورما دېگەن يالغۇز ئادەم قىلغىلى بولىدىغان دېھقانچىلىق ئەمەس. بىر ئادەم ئورۇلغان بۇغداي ئەنجىسىنى باغلاپ ئەكېلىپ بەرسە، بىر ئادەم ھارۋا ئۈستىگە ئېتىپ بەرسە، يەنە بىر ئادەم ھارۋا ئۈستىدە تۇرۇپ رەتلەپ باسسا ئاندىن بولىدىغان ئىش. ئادەم كۆپ بولغانسېرى ئىش ئاۋۇيدۇ، ئاز بولغانسېرى بىر كاندۇكتىن چىقالماي قىشلاپ قالىدىغان گەپ. يەرلىرىمىز ھەر يەردە، بىر تۇتاش رەتلەنمىگەچكە، شىمالىي شىنجاڭدىكىگە ئوخشاش كومباينىدا غارقىراپ ئورما ئورىدىغان شارائىت بىزدە يوق. ھەممە ئىشقا ئادەم كۈچى كېرەك. بۇ پەسىلدە ئالتە ياشلىق بالىغمۇ ئۆزىگە يارىشا ئىش چىقىدۇ. ئىشقىلىپ قاتلاڭچىلىق ھەممىمىزنى ئالدىرىتىپ قويىدۇ.

ئويلاپ بېقىڭ، مەن ھاۋا تەڭشىگۈچلۈك يوغان، سالقىن زاللاردا ئولتۇرۇپ يىغىن تىڭشايمەن. ئۆزۈممۇ كۆرۈپ باقمىغان، بىر كۆرۈشكە ئارزۇ قىلغان داڭلىق شەخسلەر بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىمەن، پاراڭلىشىمەن. ئاشۇلار بىلەن بىر قاتاردا سەھنىدە قاتار تۇرۇپ كۆزەينەكلىك، سالاپەتلىك باھالىغۇچى- مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قولىدىن مۇكاپات بۇيۇمى ئالىمەن. تۆۋەندە چاۋاكلار ياڭرايدۇ. ئاندىن دەبدەبىلىك سۆزلەر

بىلەن بىر ـ ئىككى ئېغىز تەسىراتىمنى سۆزلەيمەن.

چوقۇمكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز ھاياجانلىق مىنۇتلار بولىدۇ. ئۆمرۈمدە پەقەت بىر كېلىدىغان قايتىلانغۇسىز دەقىقىلەر بوپقېلىشى مۇمكىن. دەل شۇ مىنۇتلاردا يىراق سەھرادا يالغۇز قالغان ئانام ئېگىزلىقتا دوڭغىيىپ تۇرۇپ باشاق تېرىدۇ، ئايالىم ھارۋىغا باسىدۇ. ئەمدىلا سۇ ئۇتلىتىپ بەزلەپ قويغان بالام ئانىسى ھارۋا تامان ماڭسا ئەگىشىپ يىغلايدۇ. ئايالىم بىچارە بىر قولىدا بالىنى كۆتۈرۈپ، بىر قولىدا باشاق تېرىدۇ. ئانام بۇغداي ئەنجىلىرىنى يىغىپ كېلىپ ھارۋىغا ئاتىدۇ. ھارۋىدىكى ئەنجە ئېگىزلىگەنسېرى ئانامنىڭ بويى يەتمەيدۇ. ئامال قىلىپ يەنە ئاتىدۇ. يەنە چېچىلسا يەنە ئاتىدۇ. پىژغىرىم ـــ تومۇز ئاپتاپقا چىدىماي چۈۋىن قورۇپ تۇرغان ئېشەك جانىۋار شۇك تۇرمايدۇ. ھارۋا لەپپەڭشىپ، ئۈستىدىكى ئايالىم ئۆرە تۇرالمايدۇ. ئانام ئالىقانلىرىنى قالقان قىلىپ پېشانىسىگە تۇتقانچە ئەتراپقا قارايدۇ. بىرەر ئارىسال ئادەمنىڭ كېپقېلىشىنى، بىر چاي قاينام بولسىمۇ ياردەملىشىشىنى ئۈمىد قىلىپ قارايدۇ. ئەپسۇس! بۇ مەھەلدە ھەممە ئادەم ئالدىراش، ئاتىدىن ئوغۇل، ئاكىدىن ئۇكا خاپا بولىدىغان چاغ ئەمەس. ئانامغا ھېچكىم كۆرۈنمەيدۇ. ئاندىن ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئېغىر ئۇھ تارتىپ يەنە ئاۋۇماس ئىشقا مەشغۇل بولىدۇ. بىلەمسىز، ئاشۇ «ئۇھ» تىن ئالەمچە مەنە چىقىدۇ. ماغدۇرى كېتىپ، ئېغىرلاشقان پۇتلارنى گىلدىڭشىتىپ سۆرەپ يۈرۈپ ئىشلەش ئۇلارغا ئېغىر كېلىدۇ. بىزدە يېشى 80 ـ 90 دىن ئاشقان بوۋاي ـ مومايلارمۇ ئېتىز ـ ئېرىق قىرلىرىدا قۇرتتەك مىدىرلايدۇ. تىرىكچىلىك، تۇرمۇش، ھاجەتمەنلىك ئۇلارنى ساناقلىق كۈنى قالغان چاغدىكى ئازغىنە ئارام ئېلىش ئىمتىيازىدىن، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتىن مەھرۇم قويغان.

يەنە ئويلاپ بېقىڭ، ئانام بىلەن ئايالىم بىر ئادەمنىڭ يوقلۇقى تازا بىلىنىپ ھارغان، تالغان، ئۇسساپ لەۋلىرى قۇرۇپ گەز باغلاپ، يۈز ـ بويۇنلىرى كۆيۈپ، گەجگىلىرى تەرلەپ، ياغلىقلىرى چۈۋۇلۇپ، چاچلىرىغا سامان ـ ئەخلەتلەر چاپلىشىپ ئىشلەۋاتقاندا بىرىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان قىزىم مەكتەپتىن چۈشلۈك دەم ئېلىشقا كېلىپ ئېتىزلىقتا پەيدا بولىدۇ. ئايالىم ئېيتقۇسىز دەرىجىدە خۇشھال بوپكېتىدۇ. چۈنكى ئۇ دۇنيانىڭ گۈزەللىكى ئۈچۈن بىر پەرىشتە تۇغقان. مۇشۇ پەرىشتە ـ قىزى ھازىر تازا ئەسقاتىدۇ. ئاۋۇ يىغلاپ، ئۈنى پۈتۈپ كەتكەن ئۇكىسىنى پەقەت بەش مىنۇتلا بەزلەيدۇ. بۇ پۇرسەتتە ئايالىم بىلەن ئانام ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، يۈگۈرگەندەك قىلىپ ئىشلىۋالىدۇ. پەقەت بەش مىنۇت! بەش مىنۇتتا پەقەت ھارۋىغا ئون قۇچاقلا ئەنجە ئالغىلى بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئايالىم ئالەمچە خۇشھال. چۈنكى ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەن قىزى چوڭگۇندەك بويى بىلەن كارغا كەلگەن. پەقەت بەش مىنۇت بولسىمۇ ئانىسىنىڭ پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولغان. بۇنىڭدىن ئايالىمنىڭ ئاغزى يېڭى ئاشقا تەگكەندەك خۇشھال. ھەئە! مۇشۇنداق ئادەمگە زار بولۇپ تۇرغان گەزدە قولنى بەش مىنۇت بولسىمۇ سوۋۇتقان بالا ئەلۋەتتە ئانا ئۈچۈن يېڭى ئاش! بولغاندىمۇ جەننەتتىن چىققان يېڭى ئاش!

بۇنداق چاغدا ئانا تېخىمۇ خۇشھال، چۈنكى ئۇنىڭ نەۋرىسى كارغا كەلدى. ئېتىزلىققا كېلەردە يوغان چەينەككە مۇزدەك سۇنى ئېلىپ، نەچچە ئېرىق، نەچچە قىرنى ئاتلىغىچە يىقىلىپ ـ قوپۇپ چەينەكتىكى سۇنىڭ يېرىمى قالسىمۇ، يۈز ـ كۆزى تەرلەپ يۇندىدەك بوپكەتسىمۇ، پوكاندەك ئېسىلىپ، ھاسىراپ كەتسىمۇ ئىسسىقتا قىينىلىپ ئىشلەۋاتقان ئانىسى ۋە موممىسىغا بولغان بىر سەبىي مۇھەببەتنىڭ تۈرتكىسىدە كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئانام قىزىمنىڭ قولىدىكى چەينەكنى ئالدى. ئاز قالغان سۇنى پىيالىگە قۇيۇپ، گەز باغلاپ كېسىلىپ، ئېغىزىنى چوڭراق ئېچىشقىمۇ ئىمكان بەرمەيۋاتقان لەۋلىرىگە ئاپاردى. مۇزدەك سوغۇق سۇ پۈتۈن بەدىنىنى ياپراتتى. ئەتىگەندىن بېرى تارتقان جەبىر ـ جاپا، مۇشەققەتلىرى پەقەت بەش مىنۇت بولسىمۇ ئۇنتۇلۇپ، ھاردۇقى چىقتى. چېھرىدە كۈلكە پارلىدى. بۇ خىل كۈلكىنىڭ تەپتىدىن ئاۋۇ چوققىسىدا يەر ـ جاھاننى قىزدۇرۇۋاتقان كۈنمۇ خىجىل! ئاناممۇ، ئايالىممۇ ئالەمچە خۇشھاللىقى بىلەن، چوڭقۇر مېھىر ـ

www.uyghurkitap.com

مۇھەببىتى بىلەن ئالتە ياشلىق ئۇماق قىزىمنىڭ پېشانىسىگە، مەينەت بوپكەتكەن يۈزىگە سۆيۈپ قويغۇسى كېلىدۇ. ئەمما ۋاقىت قىس، قىزىنى، نەۋرىسىنى ئەركىلىتىپ سۆيۈپ ئولتۇرىدىغان چاغ ئەمەس. شۇڭا بەش مىنۇت بولسىمۇ پۇرسەتنى تۇتۇپ ئىشلىۋالدۇ- دە، بۇ سۆيۈش كەچكە نېسى قالىدۇ... بەش مىنۇت تېزلا توشۇپ، قىزىم ئۆزىگە ئەگىشىپ يىغلاۋاتقان سىڭلىسىنى گوللاپ رەسىملىك كىتابتىن بىرنى تۇتقۇزىدۇ- دە، بوغچىسىنى ھاپاشلاپ ئېتىزدىن ئاستا- ئاستا يىراقلىشىدۇ.

ئىشلار ئەنە شۇنداق. ئاخشىمى ئانام بىلەن ئايالىم تېخى ئىشى تۈگىمىگەن چالا ئېتىزنى تاشلاپ، ھارغىن قەدەملەر بىلەن ئۆيگە بارغاندا ئەتراپ قېلىن تۈن پەردىسىگە ئورۇلىدۇ. قىزىم ئىشلەۋاتقان تاپشۇرۇقىنىڭ ئۈستىگىلا پېشانىسىنى قويۇپ، دۈم يېتىپ ئۇخلاپ قالغان. قەلىمىنىڭ مەڭزىگە پېتىپ تۇرغىنىنىمۇ سەزمەي قالغان. ئايالىم ھارغان- ئاچقىنىغا قارىماي تۆشەك راستلاپ قىزىمنى ئوڭشاپ ياتقۇزىدۇ. ئاندىن قولچىراغنى ياندۇرۇپ، قولاق- مېڭىنى يەپ كەتكۈدەك ۋارقىرىشىپ تۇرغان مال- ۋارانغا كەچلىك يەم- خەشەك تۆكىدۇ. كەچلىك تاماقنى يېمەيلا، كىيىملىرىنى سالمايلا قىزىمنىڭ يېنىغا يانپاشلايدۇ. پەقەت مۇشۇ ۋاقىتتىلا ھېلىقى نېسى قالغان سۆيۈشكە ۋاقىت چىقىدۇ. بۇ راھەتلىك سۆيۈشتىن، بىر كۈنلۈك ئېغىر ئەمگەكتىن بوشاشقان ئايالىم ئاستا- ئاستا كۆزى ئۇيقۇغا كېتىدۇ. ئاناممۇ شۇنداق. چىنىگە نان چىلاپ قويغان چاينىڭ يېرىمى ئىچىلىپ، يېرىمى قالغان. يانپاشلىغان جايىدىلا تۆشەككە كىرمەي ئېغىر ئۇيقۇغا پاتقان...

مۇشۇنداق چاغدا مەن قايسى ۋىجدانىم، قايسى غۇرۇرۇم بىلەن مۇكاپات ئالغىلى كېتەلەيمەن؟ قايسى كۆرەڭلىكىم بىلەن يىغىن زالىدا ھەيۋەت- سالاپەت بىلەن ئولتۇرالايمەن؟ قايسى نوچىلىقىم بىلەن مەغرۇر تۇرۇپ مۇكاپات بۇيۇمى تۇتقان ھالەتتە چىراغلار چاراسلاۋاتقان فوتو ئاپپاراتلار ئالدىدا تىك تۇرالايمەن؟ قايسى يۈزۈم بىلەن يەنە دەبدەبىلىك قۇرلارنى تىزالايمەن؟! قوي، بۇنداق يالتىراق يازغۇچى بولۇشنى خالىمايمەن! خۇدا ھەققىدە قەسەمكى، ئانىنى رازى قىلىشتىن، قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇشتىن، ئەڭ جىددىي پەيتتە جاپاكەش ئاتا- ئاناڭغا، ۋاپادار، مېھىر- مۇھەببەتلىك ئايالىڭغا ھەمراھ بولۇشتىن، تايانچ- تىرەك بولۇشتىن، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، مەمنۇنلۇقىغا ئېرىشىشتىن ئارتۇق مۇكاپات بولماس! مۇكاپات ئالغۇچە تېشىمغا قارىساڭ گالستۇك تاقىلىپ، شىم- كاستۇمىڭ قىرلانغان، ئىچىڭدە بولسا مىڭبىر خۇدۇك. ئاشۇ مۇكاپاتلانغان ئەسىرىڭدە يازغانداك ئاڭغا ئىگە ئادەم بولالىدىڭمۇ؟ ئاتا- ئاناڭ ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ قانداق ھەرەجلەرنى تارتىۋاتىدۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلىساڭ ئىختىيارسىز بېشىڭ چۈشۈپ كېتىدۇ، يىغىن ئەھلىگە ئېچىلىپ قارىيالمايسەن، ئازادە پاراڭلىشالمايسەن، ھەرىكىتىڭ قولاشمايدۇ. چۈنكى ئىچىڭدە كىشىگە تىنالماس، ئاشكارا قىلالماس دەردىڭ بار! قورۇنىسەن، خىيالچان بوپقالىسەن. ئەتراپىڭدىكىلەر غەمسىز، خۇشھال- خۇرام پاراڭلىشىدۇ. قىزغىن پىكىرلىشىدۇ. چۈنكى ئۇلار كاماندىروپكا دېگەن بىر نەرسىنى ئېلىۋالسىلا بولدى. باشقا قىيىنچىلىقى يوقتەك. سېنىڭ كاماندىروپكاڭمۇ يوق، شۇڭا سەنلا قىزغىن بولالمايسەن، خۇشھال بولالمايسەن. ئاندىن چاقماق تېزلىكىدە كاللاڭغا مۇنداق بىر ئوي كېلىدۇ: «ئانا، جېنىم ئانا، ۋۇجۇدۇڭغا پۈتۈلگەندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بالام دەپ ئېغىرچىلىقىمنى كۆتۈرۈپ، جاپايىمنى تارتساڭ، ئەمدى كىچىككىنە راھىتىمنى كۆرۈپ باقىدىغان چاغدا قولۇڭنى سوۋۇتالمىسام، ئانا، ئاۋۇ قىردا بىردەم ئولتۇرۇۋالە، مەن قىلىۋېتەي دېيەلمىسەم، ئۇسسۇدۇڭمۇ، سۇ ئىچەمسەن دەپ سورىيالمىسام، چارچىغان ۋاقتىڭدا ھارۋىنىڭ كىچىككىنە سايىسىدا ئىككى مىنۇت قورساق ئەستەرلىگەچ خۇشھال پاراڭلارنى سېلىپ، كۆڭلۈڭنى ئاۋۇندۇرالمىسام مەن قانداق ئوغۇل بولاي!؟ يەتتە قېتىم ھەرەمگە يۈدۈپ ئاپىرالمىسامۇ، يەتتە كۈنلۈك قاتلاڭچىلىقتا، جىددىيچىلىكتە سەن بىلەن بىرگە بولاي، ئېغىرىڭنى قولۇڭدىن، پۈتلاشقاننى يولۇڭدىن ئالاي! ئاتا- ئانىسىنىڭ ھالىغا يەتمەيدىغان يالتىراق يازغۇچى، قۇرۇق سۆلەت زىيالىي بولغاندىن كۆرە ياخشى ئوغۇل بولاي! ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مۇقەددەس مۇكاپاتنى

سىنىڭ ئاپتاپ پارلىغان چېھرىڭدىن ئالاي...!» (سۈكۈت)

گۈلمېھرى تۇرسۇن: يېزىقچىلىق ھاياتىڭىزدا بىر كەلگەن شان ـ شەرەپكە نائىل بولۇشتىن باش تارتقىنىڭىزدا كۆڭلىڭىز يېرىم بولغاندۇ؟

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى: شۇنداق بولىدىكەن. لېكىن كەيپىياتىم ياخشى بولدى. ئانام يالغۇز تاشلىنىپ قالمىدى. ئايالىم يۆلەكسىز قالمىدى. شۇ كۈنلەردە بىز ئىنتايىن قىزغىن ئىشلىدۇق.

گۈلمېھرى تۇرسۇن: ھوسۇل مول بولغاندۇ؟ (كۈلكە)

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى: ھەئە. خۇدا ھوسۇلنىڭ بەرىكىتىنى نىيەت ـ ئىقباللىمىزغا قاراپ بېرىدۇ!

گۈلمېھرى تۇرسۇن: ھېلىقى قىرغىز ساۋاقدىشىم سىزنى يېقىندىن بىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن بوپكېتىپ، قىرغىز ئەدەبىياتىغا كۆڭۈلشىمىدى دەپ ئاغرىنىپ بەرگەنىدى. مۇشۇ پۇرسەتتە كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىۋالساق.

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى: قىرغىز ئەدەبىياتىغا كۆڭۈلشىمىدى دېگىنى سەل ئارتۇق بوپقاپتۇ. مەندە قىرغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئاقىدىغان، تون ئۇيقۇمنى تۆتكە بۆلىدىغان ئوتتەك قىزغىنلىق بار دەپ ھەر ۋاقىت ئۆزۈمگە ئىشىنىمەن. يېقىنقى ئۈچ ـ تۆت يىل مابەينىدە قىرغىز ئوقۇرمەنلىرىمنى ئۈمىدسىز قالدۇرغىنىم راست. بۇ ھەقتە ئۈزۈلدۈرمەي كېلىۋاتقان تېلېفون ۋە خەت ـ چەكلەر مېنى ھەققەتەن خىجىل قىلىپ قويىدى. بىراق، قىرغىز تىلىدا يېزىشنى ئەسلا توختاتمىدىم. خۇدا بۇيرۇسا، قىرغىز ئوقۇرمەنلىرىمگىمۇ جەزمەن يېڭى ئىجادىيەتلىرىمنى تەقدىم ئېتىشكە تىرىشىمەن.

گۈلمېھرى تۇرسۇن: بايا سىز «يالتىراق يازغۇچى» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتتىڭىز. بۇ شۇنداقلا توغرا كېپقالغان ئاتالغۇمۇ، بۇرۇندىن بارمىدى؟

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى: يېقىن ئەتراپتا بويى ـ بەستى سۇۋادان تېرەكتەك ئۈچ ـ تۆت ئوغلى بار بىر يېقىنىم بولىدىغان. مەھەللە ـ كويلاردا تىجارەت بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈيدۇ. مەيلى تىجارەت قىلسۇن، مەيلى بىكار كوچا چىكىدىسۇن، قېرى ئانىسىنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىنىڭ ھەممىسىنى سىرتتىن ئىشلەمچى ئەكىرىپ قىلدۇرىدۇ. موماي تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغىنىچە ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىشلىشىنى كۆزىتىدۇ، ئىش ـ كۈشلىرى ۋاق ـ قەرەلىدە تۈگىسىمۇ، پەرزەنتلىرىنىڭ مېھرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچكەنلىك بىلىنمەيدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار بولسىمۇ بالا ـ چاقىلىرى ئۆزى قىلىپ بەرگەنگە نېمە يەتسۇن! خەق دېگەن ئاتا ـ ئانىنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ ئەمەس، يانچۇقۇڭدىكى پۇلنى كۆزلەپلا ئىشلەيدۇ. بالىلىقنى يەتكۈزۈش، قول سوۋۇتۇش ئۈچۈن ئەمەس، بىر كۈنلۈك مۆھلەتنى تۈگىتىپ، كۈننى كەچ قىلىش ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. پۇلغا مەدىكار يالىلاپ ئاتا ـ ئانىنى يەتتە قات كۆرپىگە چىقىرىپ قويۇش بىلەن، ئۆزۈڭ كۆتۈر ـ مۆكۈر موھداشقاچ ئىشلەپ بەرگەننىڭ خاسىيىتى، پەرقىنى ئاتا ـ ئانىنىڭ شۇ مىنۇتلاردىكى خۇرسەنلىكى، مەمنۇنلۇق چېھرى، رازىمەنلىك كۆز نۇرلىرىدىن سېزىۋالالايسەن. مەن ئاشۇنداق باللارغا «يالتىراق بايۋەچچە» دەپ ئات قويۇپتىكەنمەن. ھازىر بۇ ئاتالغۇ چىقىپ قالدى.

گۈلمېھرى تۇرسۇن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا سىزنىڭ «ئىگىسىنى تاپالمىغان بەتنام» ناملىق ئەسىرىڭىز ئېلان قىلىنغاندا مەيلى ئالىي مەكتەپلەردە بولسۇن، مەيلى جەمئىيەتتە بولسۇن خېلى زور تەسىر پەيدا قىلغانىدى. ماقالىڭىزدا ئوغۇللارنىڭ ۋىجدانىي مەسئۇلىيىتىنى چىڭ يەردىن تارازىلاپ دەڭسىگەنىدىڭىز. بۇ ئەسىرىڭىز قىزلارنىڭ ئوغۇللارنى، ئاكاشلارنى چۈشىنىش ۋە ئىشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ياشلارنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتى ھەققىدە ئويلىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغىغانىدى. ئەينى چاغدا مەنمۇ بۇ قىزغىنلىققا ئىشتىراك ئېتىپ «گۆھەر زادى كىمگە تەئەللۇق؟» دېگەن ماقالىنى يېزىپ مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2007 ـ يىل 1 ـ سانىدا ئېلان قىلدۇرغانىدىم.

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى: توغرا، شۇ مەزگىلدە «گۆھەر زادى كىمگە تەئەللۇق؟» دېگەن ماقالىڭىزنى قايتا ـ قايتا ئوقۇدۇم. نۇرغۇن ياشقا ئوخشاش مەنمۇ ھاياجانلاندىم. ئەمما بىزدىكى ئەڭ

ئاجىز ھالقا مۇشۇ ھاياجان بولۇۋاتامدۇ؟ ئاشۇ ماقالىڭىزنى ھاياجانلىنىپ ئوقۇغان كىشى قانچىلىك، تەپەككۇر بىلەن ئوقۇغان كىشى قانچىلىك، بۇ نائېنىق. تالانتلىق، ھەق سۆزلۈك ئوبزورچىمىز يالقۇن روزى ئاكا ئېيتقاندەك: ھاياجان تىپىدىكى خەلق ئەمەس، تەپەككۇر تىپىدىكى خەلق بولغان بولساق، مۇشۇنداق يازما ـ ئەسەرلەرنى توپا بېسىپ، غېرىبسىنىپ سارغايمايدۇ.

«گۆھەر زادى كىمگە تەئەللۇق؟» ناملىق ماقالىڭىزنى غەيرىي زامانىۋىلىشىش دولقۇنىدا تۇنجۇقۇۋاتقان، ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىشنى ئەستىن چىقىرىپ، نېمىلەرگىدۇر ئالدىراش چېپىپ يۈرگەن مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان بىغۇبار، پەرىشتە سۈپەت ھەمشىرىمىزنىڭ توختام سۇدەك مەنىۋى دۇنياسىغا تاشلانغان «گرانات» دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ماقالە قىز ـ سىڭىللىرىمىزغا كۆڭلىمىزدە ئويلىغانلىرىمىزنى، نازۇك تېمىلاردىكى ئۇگۇت ـ نەسىھەتلىرىمىزنى قانداق يەتكۈزۈشنى بىلەلمەي، قاتمال ئەنئەنە ئىچىدە ئوڭايسىزلىنىۋاتقان چاغدا دەل ۋاقتىدا يېزىلغان؛ بىزلەر باللىرىمىزغا دېيەلمىگەننى، دېيىشكە ئىمكانىيەت ۋە پۇرسەت بولمىغاننى چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، ئۆتكۈر مەنىلىك، ئوبرازلىق ۋە تەسىرلىك قىلىپ قىزلىرىمىزنىڭ، سىڭىللىرىمىزنىڭ نازۇك روھىي دۇنياسىغا، مەنىۋىيىتىگە دەل ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەكمۇ ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى.

ھازىر ۋىجدان، مەسئۇلىيەت دېگەن ئاتالغۇلار بۇرمىلىنىپ، ئەرزانلىشىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇنداقلار، ۋىجدان دېسە، «ئەركەكلىكى تۇتۇپ»، «ۋىجدانى قايناپ»، كىمدۇر بىرسىنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىنى ماكچايتىپ، قان ئاققۇزالىغاننى، ئاچچىقىغا پايلىماي پىچاق كۆتۈرەلىگەننى ئاتايدىغان بولۇشۇۋاپتۇ. ۋىجداننى ئەڭ ئەقەللىي، ئەڭ ئاددىي ھادىسىلەردىن بايقاپ باقساق، ۋىجداننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە ئىمكان تۇغۇلىدۇ. مۇنداق بىر سوئالغا جاۋاب بېرىپ باقايلى: بىرەرسى بىرەر موھتاجلىق ياكى ئاللىقانداق بىر سەۋەبلەر بىلەن سەتلىنىپ، ھاقارەتلەندى. سىز شۇنى كۆرگەندە ئەگەر بۇ ئەھۋالنى توسۇشقا ئىمكانىيەت يار بەرمىگەن ئەھۋالدا ھاقارەتكە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئوڭايسىز ھالىتىنى تاماشا قىلىپ تۇردىڭىزمۇ ياكى ئاستا ئۆزىڭىزنى چەتكە ئالدىڭىزمۇ؟ سىڭلىڭىز دېمەتلىك ناتونۇش قىزلارنىڭ ئاللىقانداق نازۇك جايلىرى ئېچىلىپ قالغىنىنى كۆرسىڭىز ئەسكەرتىش بېرىپ كېتىپ قالدىڭىزمۇ ياكى يوشۇرۇن كۆزىتىپ ھۇزۇرلاندىڭىزمۇ؟ سىزدىن چوڭراق ياكى ياشنىپ قالغان بىر كىشى ئالدىڭىزدا مەلۇم قىيىن ئىشتىن بىرنى قىلالماي قىينىلىۋاتقاندا لىككىدە قوپۇپ ياردەم قىلدىڭىزمۇ ياكى مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا جېنىڭىزنى ئۇپراتماي ئالچىيىپ ئولتۇرۇۋەردىڭىزمۇ؟...

مەسئۇلىيەت بولسا تېخىمۇ ۋەزنى ئېغىر ئۇقۇم. ئۇ، بىر ئادەمنىڭ ئادەمىيلىكىنى نامايان قىلىدىغان بىر خىل روھىي تۇيغۇ. ئۇ، ۋىجدان بىلەن بىرلىشىپ يۈكسەك ئۇلۇغلۇق ـ بۈيۈكلۈكنى ھاسىل قىلىدۇ. بىزدە خەقنىڭ ۋىجدانى، ساپاسىنى دەڭسەپ باھالايدىغان ئەقىل يەتكىچە، ئەمما مەسىلىنى ئۆزىمىزدىن ئىزدەيدىغان ئەقىل كەم. بىر سۆز بارغۇ، «پېشانەڭنى سىلاپ باق» دەيدىغان! كۆپىنچە ھالدا بىز «پېشانىمىزنى سىلاپ» باقمايمىز. ئەرلەر قىز ـ ئاياللىرىمىزنىڭ تاپتىن چىقىپ كەتكىنىنى سۆزلىسە غەزەپتىن «ۋىجدانى قايناپ»، گۇرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايدۇ. ئۆزىنى ۋىجدانى، غۇرۇرى كۈچلۈك، مەيدىسىنىڭ ئەركەك تۈكى بار ئوغۇلبالا دەپ سانايدۇ. ھەممە مەسئۇلىيەتنى، گۇناھنىڭ يوغىنىنى، توقى ـ لەنەت، يامان ئاتنىڭ ئەڭ يامىنىنى قىز ـ سىڭىللارغا دۆڭگەپ، يەتكىچە ئاغرىنىدۇ، قېيدايدۇيۇ، ئەمما ئۆزىنى تاختىۋېشىغا ئېلىپ قويۇپ، قىلغۇلۇقنى قىلىۋېرىدۇ. نەتىجىدە ھەممە ئىش نىيەتكە يارىشا بولۇپ، «ۋىجدانى قايناپ»، ئاغرىنىپلا ئۆتۈش ئۇدۇم بوپقالىدۇ... شۇڭا مەن «ئىگىسىنى تاپالمىغان بەتنام»دا، سىز «گۆھەر زادى كىمگە تەئەللۇق؟»تا يازغاندەك، ئوغۇللار ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا ئىگە بولۇش، قىز ـ سىڭىللار قىزلىق ئىپپىتىنىڭ مۇقەددەس ـ ئۇلۇغلۇقىغا شەكسىز ئىشىنىش، يىگىتلەر قىزلارنى سىڭلىسىدەك كۆرۈپ ئاسراش، قىزلار يىگىتلەردىن ئاكىسىدىن تەپ

تارتقانـدەك تەپ تـارتىش، يىگىتـلەر مەيدىـسىدىكى بىـر تۇتـام تـۇك ـ مويغـا ئەمەس، ۋىجدانىدىكـى مەسئۇلىيىتىگە ئىـشىنىش، قىـزلار بىـر مـۇقەدەس ئېتىقادىنىـڭ كـۈچ ـ ھەيۋىـسىدىن ئەيمىنىپ بۇيـۇك بايلىق ــ قىزلىق ئىپپىتى ـ «گۆھەر»نى ساقلاشنى ۋىجدانەن پىكرىي ئاڭغا ئايلاندۇرالىسا، ھەممە ئىش ئۆز رىتىمىدا يۈرگەن بولار ئىدى!...

گۈلمېھـــرى تۇرســـۇن: ئۇستاز يازغۇچى نۇرىمـۇھەممەت توختى ئاكىنىـڭ «شـوپۇر ئېيتقـان ھېكايە» نـاملىق ھېكايىسى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىلقى 1 ـ ساندا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىـن بەزى ئوقـۇرمەنلەر ھېكـايە ھەققىـدە خىلمۇ خىل قاراشتا بولدى. بەزى ئوقۇرمەنلەر ھېكايىدىكى پېرسـوناژلارغا گۇمـان بىلەن قارىـدى. ھېكايىنىـڭ ئەسلىي مەقسىتىنى، مەزمۇنىنى ھەرخىل چۈشەندى. مۇشۇنداق چاغدا سىز مەزكۇر ھېكـايە ھەققىدە بۇ ژۇرنالنىڭ بۇ يىلقى 2 ـ ساندا «ھېلىقى باشلىق ماشىنىسىدا بولسىلا» نـاملىق ئوبزورىڭىزنـى ئېلان قىلىپ، ئۆز كۆز قارىشىڭىزنى ئوتتۇرىغا سالدىڭىز. مۇشـۇ پۇرسـەتتە بـۇ ھەقـتە يەنە دەيدىغانلىرىڭىـز بولۇشى مۇمكىن.

ئابـدۇرەھمان ئەزىـز ئوغلـى: «شوپۇر ئېيتقان ھېكـايە» ــ مەن تامـشىپ تـۇرۇپ ئوقۇغـان ۋە چۈشەنگەن، تاتلىق يېزىلغان ھېكايە، ئېسىل ھېكايە. ھېكـايە ئېـلان قىلىنغانـدىن كېيـن دائىمـلا ئوقۇغـان نەرسىلىرىمىز ھەققىدە پىكىرلىشىدىغان ھەمسۆھبەتلىرىم ئارىـسىدا ھېكـايىگە قارىتـا ئوخـشىمىغان پىكىـر ۋە ئىختىلاپـلار كۆرۈلدى. قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. شۇ چاغدا ھېكايە ھەققىدە توغرىراق بىر نەرسە دېيىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلدىم. ئاتاقلىق يازغۇچى، ھېكايە پېشىۋاسى نۇرىمۇھەممەت توختى ئاكىنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىـدە مۇلاھىـزە يۈرگۈزۈشـكە قەلىمىـم ئاجىـز كەلـسىمۇ، جەمئىيەتتىكى ئوخـشىمىغان كـۆز قاراشـلار مېـنى قۇربىتىمنىـڭ يېتىـشىچە مۇھـاكىمە قىلىـشقا غەيرەتلەندۇردى.

ئاتـاقلىق يـازغۇچى ياسىنجان سادىق چـوغلان مەزكـۇر ژۇرنالنىـڭ بۇيىلقـى 3 ـ سـانىدا ئېـلان قىلغـان«‹شـوپۇر ئېيتقان ھېكـايە› ـ ئەزگـۈ تىلەكـكە ئوقۇلغان مەدھىيە» نـاملىق ئوبزورىدا ئېيتقانـدەك، ھەقىقەتەنمـۇ «ئۇزۇنـدىن بېـرى بىزنىـڭ ئوقۇرمەنلىرىمـىز نۇقسانـسىز، كەم ـ كۈتـىسىز يارالغـان پېرسـوناژلارغا كۆنـۈپ كەتـتى. بىزدىكى خېلى كـۆپ ئەسـەردە پېرسـوناژلارنىڭ پېشانىسىگە ئىجابىي، سەلبىي دېگەن تامغىلا بېسىلىپ، ياخشىلار نۇقسانـسىز ياخـشى، يامـانلار پەقەت يامانـلا بوپكەلـدى. ئىنسان تەبىئىتى ئـاز ئىپادىلەنـدى.» مەنە ئاددىيلىشىپ، پېرسـوناژلار خـاراكتېرى ئىككى قۇتۇپقـا بۆلۈۋېتىلـدى. بۇنىـڭ تەسـرىدە ئوقۇرمەنلەرنىـڭ بەدىئىـي دىتىمـۇ ئاسـتا ـ ئاستا ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشكە باشلىدى. ئەدەبىياتتىكى مۇھەببەت ـ نەپرەت خۇددى خىش قېلىپىدەك بىر خىل قېلىپقا بېكىپ قېلىشقا يۈزلەندى. (ئەلۋەتتە مېنىـڭ يازغـانلىرىممۇ بـۇ خـىل ھـالەتتىن خالىـي ئەمەس.) يـازغۇچى نۇرىمـۇھەممەت توخـتى ئاكـا ئەدەبىيـاتتىكى كونـا ئەنـدىزىنى بـۇزۇپ تاشـلاپ يېڭىچە بىر خىل بىلەن مېڭىپ، يول ئېچىدىن يېڭى بىر چىغىرنى تاپتى.

گۈلمېھـرى تۇرسـۇن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىـڭ بـۇ يىللىـق 4 ـ سـانىدا «سـەھرالىق ئاتـا» نـاملىق پوۋېستىڭىز ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتــتە تەســىرى كۈچلـۈك بولـــدى. خاتالاشمىسام، بـۇ پوۋېستىڭىز ئىلگىرى «شىنجاڭ مەدەنىيـتى» ژۇرنىلىنىـڭ 2007 ـ يىـل 5 ـ سانىدا ئېـلان قىلىنغـان «ئوغلۇمنىـڭ ئۆيـى» نامىلـق ھېكايىڭىز ئاساسىدا راۋاجلىنىپتۇ، شۇنداقمۇ؟

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى: شۇنداق.

گۈلمېھرى تۇرسۇن: قانداقسىگە پوۋېست قىلىپ ئۆزگەرتىپ يېزىشنى ئويلىنىپ قالدىڭىز؟

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى: «ئوغلۇمنىڭ ئۆيى» نـاملىق ھېكـايەم تەھرىراتقا ئەۋەتىلگەنـدە مەزكـۇر ژۇرنالنىـڭ ئالىي مۇھەررىـرى قۇربـان مـامۇت ئاكـا ئەسىرىمدىن ئانچە رازى بولمىدى. «خام بوپقاپتۇ، تولغىقى پىشماپتۇ، تىلىدا كېسەل جۈملە كۆپ، قايتا ئىـشلەڭ» دەپ قـايتۇرۇۋەتتى. قايتـا ئىـشلەپ ئەۋەتـسەم ھېكايەم ئېلان قىلىندى، ئەمما قۇربانكام يەنىلا بۇ ھېكايىدىن دېگەندەك رازى ئەمەسلىكىنى ئېيتىـپ: «ئۇكـام، ھېكايىڭىزنىـڭ خـۇددى ئـاخىرى بـاردەك، بىـر جـايلىرى چـالا قېلىۋاتقانـدەك تۇيغـۇ

بېرىدۇ. ئوقۇرمەنمۇ پۇخادىن چىقمايدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا- ئانا ئالدىدىكى بۇرچى ۋە پەرز ھەم قەرزىنى سەنئەت يۈكسەكلىكى، تراگېدىك پەللە بىلەن مۇكەممەللەشتۈرۈپ داۋاملاشتۇرۇشقا ئىزدىنىپ بېقىڭ، ئوقۇرمەنلەر نائۈمىد قالمىسۇن» دەپ مەسلىھەت بەردى. ئۇ ئاكىمىزنىڭ بىر قانچە قېتىم تەشەببۇس قىلىشى ۋە ئىلھام بېرىشى نەتىجىسىدە ئىزدىنىپ يۈرۈپ بۇ پوۋېستىم پۈتتى.

گۈلمېھرى تۇرسۇن: ئەل سۆيگەن شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن ئاكا «سەن يوق» دېگەن شېئىرنى دەسلەپ ئېلان قىلىپ، ئارقىدىنلا بۇ شېئىرغا ئاھاڭ ئىشلىنىپ، ناخشىسى تۇنجى ئاڭلىتىلغاندا، غۇلجا شەھىرىدە ئانىسى بىلەن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى ئايرىلىشىپ، قېيدىشىپ يۈرگەن بىر ئايال ئاشخانىدا خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ رادىئودىن مەزكۇر ناخشىنى ئاڭلاپ قالىدۇ. ناخشا تېخى ئاخىرلاشماستا ھېلىقى ئايال چىدىيالماي ھۆڭرەپ يىغلىغىنىچە خېمىر يۇقى قولىنىمۇ يۇيماستىن ئانىسىنىڭ يېنىغا چاپىدۇ. ئانىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ، مەڭزىنى سىلاپ، ھىدىنى ھىدلاپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ كەم ئەقىللىقىنى كەچۈرۈۋېتىشىنى ئۆتۈنىدۇ...!

ئەدەبىياتنىڭ بۇخىل سېھرىي كۈچى سىزنىڭ «سەھرالىق ئاتا» ناملىق پوۋېستىڭىزدىمۇ ئۆز جۇلاسىنى تېپىپتۇ. ئاددىي سەھرا تىلىدا يېزىلغان بۇ تاتلىق يازمىڭىزدىكى ئوغۇلنىڭ ئاتىسىنى تاشلاپ قويۇپ، يىقىلىپ چۈشكەن ئايالى بىلەن بوپكېتىشى، ئاتىسى سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئوغلىنى قۇچاقلاشقا ئۇرۇنغاندا ئوغۇلنىڭ نومۇس قىلىپ يەرگە قارىۋېلىشى قاتارلىق جايلىرىنى ئوقۇغاندا نۇرغۇن-نۇرغۇن ئاكاشىنىڭ يۈزى ئوت ئېلىپ، بېشى چۈشۈپ كېتىشى شەكسىز. بوۋاي بىلەن موماي شەھەردە بىر كېچە تالادا تۈنەپ قالغاندا، مەن بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ يىغلاپ تاشلىدىم. خۇددى مېھرىبان ئانام- دادام تالادا ئىگە- چاقىسىز تاشلىنىپ قالغاندەك بولۇپ،ئۇلارنىڭ قەدرىگە بۆلەكچە يەتكەندەك بولدۇم. بوۋاينىڭ ئارمانلىرى، ھەسرىتى، پىغانى، غەم- قايغۇسى، ئەندىشىسى بەك تەسىرلىك، چۈشىنىشلىك، سىڭىشلىك بايان قىلىنىپ، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا- ئانىلارنىڭ يۈرەك سادالىرىنى تىڭشاشتا، قەلبىنى چۈشىنىشتە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغۇدەك ياخشى يېزىلىپتۇ. بوۋاينىڭ پەرزەنتىدىن قىلچىلىك ئاغرىنماستىن ئالەمچە سۆيگۈ- مۇھەببەت بىلەن، كەچۈرۈم كۆڭۈللۈك بىلەن يەنە بالا دەردى، بالا پىراقى، بالا ئىشقىدا، يەنە شۇ بالىسىنىڭ نام- ئىناۋىتى ئۈچۈن ياراتقۇچىغا ئامانەتنى چاندۇرماي تاپشۇرۇشى، شەك- شۈبھىسىزكى قانچىلىغان ئاتىنىڭ يۈرىكىدىكى، قەلبىدىكى ئارمانى. بۇ ئارمان- مۇڭنى زادى قانچىلىك كىشى جىددىي تۇرمۇش رىتىمىنىڭ ئەنسىز سادالىرى ئىچىدە ئاڭلاپ ھېس قىلدى؟ بۇ نامەلۇم. ئەمدى سىز بۇ ئارمان- مۇڭنى «سەھرالىق ئاتا»نىڭ مۇڭ- ھەسرىتى بىلەن يۇغۇرۇپ چىقىپ بىزلەرگە ھېس قىلدۇردىڭىز.

مەن بۇ پوۋېستنى ئوقۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا پەقەتلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم. ژۇرنالنىڭ بەتلىرى كۆز ياشلىرىمدا ھۆل بوپكەتتى. ئىلگىرى ئاددىي كۆرۈنىدىغان ئاتا- ئانام خىزىر سۈپەت، پەرىشتە سۈپەت، بۆلەكچە يېقىملىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ھەتتا خىزمىتىنىڭ ئالدىراشچىلىقىدىن ئاتىسى بىلەن ئۇزۇن يىل مۇڭدىشالمىغان يەنە بىر داداشىنىڭ بۇ پوۋېستنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇزاق يوللارنى بېسىپ بېرىپ قېرى ئاتىسى بىلەن بىر ئورۇنغا كىرىپ كېچە- كېچىلەپ مۇڭدىشىپ چىققانلىقىنى، ئورۇق- تارشىدەك تېنى، تېرىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۇستىخانلىرىنى يومشاق سىلاپ، پۇتلىرىنى تۇتۇپ، ساقاللىرىنى تاراپ قويغانلىقىنى، تىرناقلىرىنى ياساپ، پۇتلىرىنى يۇيۇپ قويغانلىقىنى ئاڭلىدىم. بۇنىڭ ھەممىسى پوۋېستىڭىزنىڭ رېئاللىقنى ئەينەن ئەكس ئەتتۇرگەن سېھرىي كۈچى ئىدى.

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى: رېئاللىق ئاجايىپ كەڭ مەنا، سېھرىي كۈچكە باي. مەن زامانداشلىرىمنىڭ رېئاللىقنىڭ يۈرىكىنى تىڭشاپ بېقىشىنى، كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقنىڭ نازۇك پەردىسىنى قايرىپ قاراپ بېقىشىنى، چۈشىنىپ بېقىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

گۈلمېھرى تۇرسۇن: ئەقىل كۆزى بىلەن قارىسام،

كۆڭلىرىڭىز دېھقانچىلىق بىلەن دائىم ئالدىراش ئۆتىدىكەن. قانداق چاغلاردا يېزىقچىلىق بىلەن كۆپرەك مەشغۇل بولىسىز؟

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى: دېھقان كىشىگە كۈندۈزلىرى ئارامىمىزدا ئولتۇرۇپ بىر نەرسە يازىدىغانغا ۋاقىت چىقمايدىكەن. زىرائەت ئوتايدىغان، ئورىدىغان، يىغىدىغان، تېرىيدىغان، سۇ تۇتۇدىغان... ئىشلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن. تىرىكچىلىك، تۇرمۇش، تۇرلۇك ھاشار ۋە ئۆلىشىپ كەلگەن قاتلاقچىلىقنىڭ ئىلھامىڭىز بىلەن كارى بولمايدىكەن. مەن ئادەتتە كۈندۈزلىرى ئېتىز ـ ئېرىقتا ئىشلىگەچ ئويۇمدا پىشىرىۋېلىپ، كېچىلىرى تۈننى تاڭغا ئۇلاپ يېزىۋالىمەن.

گۈلمېھرى تۇرسۇن: قارىسام، كىتابخانا شارائىتىڭىز خېلى ياخشى ئىكەن، لېكىن نېمە ئۈچۈن ئادەتتە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يازىسىز؟

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى: كۆنۈپ قاپتىمەن. ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك ھەرقانداق نوچى ئوغۇلبالىنىمۇ چارچىتىپ قويىدىكەن. تىرىكچىلىك، تۇرمۇش ئۈچۈن تىنىمسىز مىدىراپ، بۈگۈننى ئەتىگە ئۇلايدىغان ئادەمنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتى ئېغىر چارچاشتىن خوراپ كېتىدىكەن. تۇرمۇش ـ تىرىكچىلىك ئۈچۈن ھەرقانداق ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەرنى قىلىشقا توغرا كېلىدىكەن. بۇ ھال سىزنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق جاسارىتىڭىزنى سۇندۇرۇپلا قالماي، ئەقلىي تەپەككۇرىڭىزنىمۇ گاللاشتۇرۇۋېتىدىكەن. كونىلار ئېيتىدىغۇ: «ساغلام تەندە ساپ ئەقىل» دەپ. موھتاجلىقتىن ئىبارەت بۇ دۈشمەن ئاستا ـ ئاستا سىنى دوڭغايتىشقا، مۈكچەيتىشكە ئورۇنىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن كۈندۈزلىرى تىرىكچىلىك، موھتاجلىق دەستىدىن ھېرىپ ـ ئېچىپ جان تۇمشۇققا كېپقالغان كىشىگە يەنە شىرە ئالدىدا پۇتلارنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ يېزىش ئېغىر كېلىدىكەن. بۇنىڭغا بەل چىدىمايدىكەن. شۇڭا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يازسام بېلىمنىڭ ھاردۇقى ئاستا ـ ئاستا چىقىپ قالىدىكەن، قەلەممۇ توختاپ قالمايدىكەن.

گۈلمېھرى تۇرسۇن: ئادەتتە كومپيۇتېردا يازامسىز، قەلەمدىمۇ؟

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى: كومپيۇتېر ئەسەرلەرنى يىغىپ ساقلاش، ئۈستىدىن تۈزىتىشكە ھەقىقەتەن قولايلىقكەن. لېكىن ئادەتتىكى چاغلاردا مەن قەلەم بىلەن يازىمەن. قەلەمدە راۋان يازالايدىكەنمەن ھەم پىكىرلىرىم چېچىلىپ كەتمەيدىكەن.

گۈلمېھرى تۇرسۇن: ئۇيغۇر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قىرغىزچىلاشتۇرۇش، قىرغىز يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇشنى ئويلىشىپ كۆردىڭىزمۇ؟

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى: بۇنى ئويلاشقان. مەندىكى ئارتۇقچىلىق بۇ خىل ئىزدىنىشكە تامامەن مۇمكىنچىلىك بېرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلىنغان بەزى قىممىتى بار ماقالىلەرنى قىزغىزچىلاشتۇرۇپ مەتبۇئاتلارغا بەرگەنىدىم، ۋاقىت كۈتۈپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. يېقىندا يازغۇچى ياسىنجان سادىق چوغلاننىڭ « يۇلتۇز، كۆزۈڭنى قىسما» ناملىق ھېكايىسىنى قىرغىزچىلاشتۇرۇپ، «قىزىلسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇرغانىدىم، تەسىرى ياخشى بولدى.شارائىت ۋە مۇمكىنچىلىك يار بەرسىلا بۇنىڭدىن كېيىن قېرىنداش ئىككى خەلق يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆز ئارا تونۇشتۇرۇش ئويۇم بار.

گۈلمېھرى تۇرسۇن: ئابدۇرەھمان ئاكا، بۈگۈن سىز بىلەن قىسقا سۆھبەتتە بولۇپ ئىنتايىن خۇش بولدۇم...

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى: رەھمەت. ئاتايىن يىراقلاردىن مەن بىلەن پاراڭلىشىش ئۈچۈن ئۆيۈمگە كېلىپ غېرىب خانەمنى بىردەملىك بولسىمۇ ئاۋاتلاشتۇرۇپ قويغىنىڭىزغا مىڭلارچە تەشەككۇر! ئىسمىڭىزغا يارىشا مېھرىڭىز ئىسسىق قىز ئىكەنسىز. خۇدايىم پېشانىڭىزنى ئوچۇق، تەلىيىڭىزنى ئوڭ قىلسۇن.

گۈلمېھرى تۇرسۇن: رەھمەت، ئابدۇرەھمان ئاكا. سىزنىڭمۇ تېنىڭىز سالامەت بولۇپ، ئىشچان يەڭگىمىز بىلەن ئۆمۈرۋايەت خۇشھال ـ خۇرام ياشىشىڭىزنى، تېخىمۇ ئېسىل ۋە تاتلىق يازمىلىرىڭىزنى خەلقىمىزگە تەقدىم ئېتىپ، قېرىنداش ئۇيغۇر ـ قىرغىز خەلقىنىڭ ئورتاق ئوغلى بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. قېرىنداشلارچە مېھىر ـ مۇھەببەت مىليونلىغان قەلبنى تۇتاشتۇرۇپ، كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول بولسۇن!



يازغۇچى، ژۇرنالىست مەتقاسىم ئابدۇرەھمان ئەپەندى


«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2009- يىل 5- سان (ئومۇمىي 299- سان)
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت- ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىكۆل شەرقىي يولى 165- نومۇرلۇق نېفىت مۇنارى 16- قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 — 58 باھاسى: 6 يۈەن

《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市南湖东路 165 号石油大厦 16 楼
邮　　编：830001 电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

[illegible] 定价：6元

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

فوتوگراف، شائىر، ژۇرنالىست تۇنىياز مەتنىياز ئەپەندىنىڭ
فوتوگرافىيە ئەسەرلىرىدىن









